ابتدائی مکتبلر اوچون

# اوقوما کتابی

## بشنجی قسم

ناشری : معارف وزارتی

تحریری : مرکزی حدودمدنی معارف ایدارەسی

# 維文讀本

## 第五冊

國立邊疆文化教育館編

教育部印行

舊

# 編輯要旨

一、本館奉　教育部令，爲普及維族教育，特編輯維文課本，供維族小學維文教學之用。

二、本書依維文教學習慣編輯。

三、本書共十册，供維族試行五年制小學十學期之用，每册四十課，另加練習，教學時倘嫌課數稍多，得選讀課文至少三十課。

四、本書第一、二册，以拼音造句練習爲主，第三册至第十册，語文與常識配合編輯，選定教材，兼重國家教育與民族教育。

五、本書之編輯，先由本館編輯委員會決定編輯原則，編輯後，再經委員會審查校訂，呈部付印。

由國家圖書館數位化、典藏

# هيئت تحريريه‌دن

ايداره‌مز معارف وزارتينك بويروقيغه بنأً اويغورلر معارفيني عمومى يوسوندا ترقى قلدوروش اوچون اوشبو اويغورچه اوقوما كتابيني توزيدى . بوكتاب اويغور باشلانغوچ مكتبلرى اوچون مخصوصدور .

٢ - بو كتاب اويغور مكتبلرينك ميتوديكا عادتلريگه آسا- سلانب توزولدى .

٣ - بوكتاب جمعى اون قسم بولوب اويغورلرنك تجربه اوچون قوللانغان بش يللق ابتدائى مكتب سستيماسى اوچون اون اوقوش موسسميگه اشليتيليدو كتابنك هر برقسمى قرق درس وه برقانچه‌تا يشوروقلر ايله‌ن توزولگه‌ن . اوقوتوش واقيتدا درس‌نك مقدارى كوبلك قلسا احوالغا قاراب اوقوتوچيلر كام بو لغانداهر تعطيل ده‌اوتوز درس اوتوش كيره‌ك .

٤ - بوكتاب‌نك 1- وه 2- قسملر يده‌مضمون جهتدن آلفابه

NATIONAL CENTRAL LIBRARY R.O.C.

وەسوزلەم (گەپ) قورولو شلری‌هەم اولر نلڭ مشق قلنشلری
آساس‌قلندی 3- قسمدن 10- قسمگە قدر ،سکز پارچە سی اویغور
تلی آساسندا مضمونی جهتدن عمومی بلملر گەتیگشلك ساوادلرنی
اوزاچیگە آلیدو . بوکتابنڭ ماتریياللری بتون‌دولت معارفیدە
یکی ماتریياللرنی وە اویغورلر نلڭ مللی معارفید یکی ماتر-
یياللرنی اوزاچیگە الش اعتبارغە ایلندی .

بو کتابنی‌تحریر قلیشدە اوّل ایدا رەمز نلڭ تحریرهیئتی
طرفیدن او نلڭ‌پرنسیفلری بەلگولو لنب تحریر قلنش، بلەن ینە
هیئتلر نلڭ مزاکیرە سیدن اوتوب معارف وزارتینڭ تصدیقیغە
بریلدی .

# مندرجه


1 ـــــ مملیکتیمز نلڭ پایتەختی ـ نانکین 1-3

2 ـــــ برنلڭ اولکومز شنجاڭ 4-5

3 ـــــ رسم ایلەن افاده قلنغان یازیق 6-7

4 ـــــ جانلق کتاب 8-10

5 ـــــ توب نلڭ اوازینی ماراب بلش 11-13

تاپشوروق (1) 14-16

6 ـــــ آتوم بومباسی 17-18

7 ـــــ ایکی دادەن آق قوناق 19-21

8 ـــــ دادام نلڭ عسکری کییمی 22-23

9 ـــــ برنجی قتیم یر شارینی آیلانش 24-26

10 ـــــ اوت آربانلڭ کشفیاتچیسی


438922

ستيفونسون 27–30

تاپشوروق (2) 31–33

11 ـــــ تيليفوننك ايجادچيسى بيئل 34–36

12 ـــــ اوقوشقه تريشجان نيئوتون 37–38

13 ـــــ ايكى عالم 39–40

14 ـــــ قدمقى كشفياتلر 41–42

15 ـــــ سونك اوزگوروشى 43–44

تاپشوروق (3) 45–46

16 ـــــ قوملقدا ياشيغان انوەر 47–49

17 ـــــ اوردا وە بينا 50–53

18 ـــــ يوننەن آنام تموريوليديكى آسما

كوبروك 54–55

19 ـــــ سوقوش نڭ غلبەسی 56-58

20 ـــــ انایت سزیاپون 59-61

21 ـــــ دونیا اوروشی 62-65

تاپشوروق (4) 66-68

22 ـــــ زوکام بولوب قالدم 69-71

23 ـــــ ایکسکورسییه گه باردم 72-73

24 ـــــ آخرغیچه چالیشدی 74-76

25 ـــــ قینچیلقدن قورقمایدیغان بالا 77-79

تاپشوروق (5) 80-81

26 ـــــ سون ـ جوڭ ـ سەن افندینڭ حیاتیوه

باشیدن کیچیرگەن اشلری 82-84

27 ـــــ جاڭ جوشی جنابلرینڭ یاش واقتیدیکی


NATIONAL CENTRAL LIBRARY

حكايەسى 85-87

28 ـ ـ ـ ـ ـ دونياديكى أڭ ايگز تاش يول 88-90

29 ـ ـ ـ ـ ـ مانغوللر نڭ آت مسابقەسى 91-93

30 ـ ـ ـ ـ ـ خريطه سزيش 94-96

تاپشوروق ( 6 ) 97-100

31 ـ ـ ـ ـ ـ غربى شيمال نڭ تموريول

سيستيماسى 101-103

32 ـ ـ ـ ـ ـ قماربازنڭ عاقبتى 104-106

33 ـ ـ ـ ـ ـ اوغلاق 107-109

34 ـ ـ ـ ـ ـ جانلق ماللرنى آسراش نڭ

اوصولى 110-112

35 ـ ـ ـ ـ ـ كولخوز 113-115

تاپشوروق (7) 116-119

36 ــــــ مکتبده تازیلق 120-121

37 ــــــ قابل حاکم 122-123

38 ــــــ هوادا اوچوش 124-126

39 ــــــ تورت فصلنك کورونشی 127-130

40 ــــــ عجایب سیاحتچی 131-134

تاپشوروق (8) 135-138

NATIONAL CENTRAL LIBRARY
國家圖書館
ROC

# مملیكتیمز نك پایتەختى ـ نانكین

نانكین بولسا مملیكتیمز نلك پایتەختى ، اوير نلك

تاغ وه دریالری آوزەل ، منظرەلری چرا یلق ، قدمقى

آثارعتیقه لریمو نها یتى كوبدور .

بزلرگه نانكینده دائیما تماشا قلیشگه تیگیشلك

یرلردن „موتسوخو“ كولى، „شوەن اوخو“ كولى،

„یوخوا تەى“ باغچه سى هەم جوڭسه‌نلیك (سون

جوڭ سەن افندینك قبریسى ) گه او خشیغان

یەرلر بار . „موتسوخو“ كولینك اوستیده لەيلەب

تورغان چرا یلق گوللر خوددى آسمانغا تولغان

يولدوز نوری کبی پاقیراب توریدو •

بهارنلڭ ده ستلەبکی کو نلریده „شوەن اوخو“

کولیگه بارسیگز کوللر نلڭ بوییدیکی گلاس دەره

خلرینلڭ آچیلغان چیچه کلری وه کولنلڭ او تتورا

سیده لەیلەب تورغان لەنخا ( خەخوا ) گوللری سیا-

حتکه چققان کشیلر نلڭ کوڭلینی خوشال قلب

فوییدو •

„یوخوا تەی“ بولسا بر چرایلق منظره للڭ

اورون بولوب، اویرده خیلموخیل نورساچیپ تورغان

یومو لاق چرا یلق تاشلر بولودو •

جوڭسه نلیڭ نهایتی سوهلتلك اولوغ بر
جای بولوب اویر ده آچار ، کا مپارا ، قو موش
وه مئی شو دهرهخلزی بولودو . بویر سون جوڭسهن
افند ینلڭ قبر یسی اورنا شیش ایلهن تیخیمو پارلاق
بولدی .

جوڭسهنلیڭنڭ اورنی نانکین جوڭسهن دروا
زاسینڭ تاشیدیکی جوڭسهن تاغی اوستیگه اور
ناشقان ، ر یلی بهلگولیگهن واقیت اچیده بویر
نلڭ اشکی آچیلیدو ، کشیلر حرمت ایلهن زیارت
قلیشگه باریدو .

# بز نىڭ اولكو مز شنجاڭ

اولكومز شنجاڭ بتون ممليكتيمز بوييچه غربى شيمال غاالورناشقان بر اولكوبولوب اوْنىڭ شرقى شيمالى طرفى سر تقى مانغولييه ايلەن شرقى طرفى گەنسو اولكوسى ايلەن شرقى جنوبى طرفى چيڭ خەى اولكوسى ايلەن جنوبى طرفى تيبەت ايلەن غربى طرفى هندستان ايلەن غربى شيمالى طرفى سويتلراتفاقى ايلەن چيگارا لاشيدو . اولكومز نىڭ بتون يركەڭلكى تخمينەن بر ميليون سكز يوز يگر مەسكز مڭ تورت يوزاون سكز مربع كيلو ميتر كيليدو .

اولكومز نىڭ چوڭ تاغلريدن كوئينلون ، تيانشان ، آلتاى ، تاغلرى بار . شرقدن غربگە اوزون سوزو

لوب بتون اولكومز نی کیسب اوتوردوغان چوك وه كچیك دزیالردن تاریم ، ایلی ، ارتیش ، قاراشهر دریالری بار .

اولکومز نلك اقایمی قوروق بولوب یامغور سو یی نها یتی آز یاغیدو . دهقانلر نلك کوپچیلگی تاغدن آقب توشگەن موز وه قار سولریدن فائیده لانب ایتز تریدو .

اولکومزنلك چارواچیلق اشلری نهایتی ترقی تاپقان.

اولکومز نلك محصولاتی نهایتی مول: آشلقلر میوه‌لر پاختالر جوجه مالر چقیدو . کاولانمابایلقاردن آلتایدا آلتون خوتنده قاش تاشی شیخو وه آقسو دا نیفت هەم هر یردن چقادورغان کەور لرموبك مولدور.

# رسم ايلەن افا دە قلنغان يازيق

انسان بالاسی یازیق ایجادقلیشدن بورون دائیما عملی نرسیلر ایلەن اوز مقصد ینی افادە قلار ایدی .

قدمقی زمانذا ایرا نیلر دوشمەنلر طرفیدن کەلگەن بر پارچەمکتوب تاپشوروب آلغان ایدی، او-مکتوب نلڭ اچیدە بر دانەقوچقاچ بردانە چاچقان بر دانـە پاقە وە بش دا نە او قیابار ایکەن. دیمەك بو مکتوب نلڭ معناسی :

ـــ هەی ایرا نیلر ! سزلر قوچقاچقا اوخشاش آسما ندا او چالا مسزلر ؟ چاچقانغا اوخشاش یر آستیدا یوگو رالامسزلر ؟ پاقەغە اوخشاش سو اچیدە

اوزەلەمسزلر ؟ اگر بولرگە جرعت قلالمیسا ڭلا بز نلڭ ما نو او قیالر یمزگە نظر سالیڭلا دیگەن او قو منی بلدورودو .

کینکی زمانلر دە زەنلڭ کشیلر بوندا غ عملی نرسیلر ایلەن مقصدلرینی افادەقلیش نلڭ بك قیین کەلگەنلکی نی سەزب بولرنی رسملر ایلەن افا دە قلادورغان بولدی . منابو ـ بولسا رسم یازیقینڭ باشلا نشیدور .

رسم یازیقی بوگونگە قدر تیخی دوام اَتمەکتە مثلاً : کوز نلڭ رسمینی سزب دقت قلما قنی افادە لاش قول نلڭ رسمینی سزب ماکیدیغان یولنی افادە لاشگە اوخشاش مثاللر کشیلرگە شاهد بو لا ـ ـ لایدو .

# جانلق كتاب

قدمقی زمانديكی آورو پادا كتاب يوق ايدی .

عالملر علاج سزلقدن بلم معلوماتلرينی يادلاب آلب

آغز آرقالق شاگردلريگه اورگوتەر ايدی شاگردلر

يازيق ايلەن ده فتەرلريگه يازيب آلار ايدی .

قدمقی روما دوريده بر آق سويەك بارايكەن او

نلڭ هيچ قانداغ بلم معلوماتی يوق ايكەن ، سوهات

اوچون يالغاندن معلوماتاق كشی بولما قچی بولوب

قول آستيديكی قوللار ينی ييغديده اولرگه بر تريقه

ده تربیه بریپ هر بر کشیگه بر دانه‌کتاب یاد آلدو-
ردی . وه بوکتاب یازغو چیلرینك اسمینی قول
لر نلڭ اسمی قاب بهلگو لیدی . ضیافت واقیتار یده
قانداغدور بر پارچه‌کتابنی او قوماق ولسا شول کتابنی
یاد آلغوچی قوللر دن بر نی اوناوك او قوشقه بویرور
ایدی . بو آق سویك نلڭ میتودی نهایتی یکی
بولغاچقا مهمانلر نلڭ همه‌سی اونی تقدیر لەر ایدی .
کونلر نلڭ بر سیده ، قول ایگیسی جماعت
لرنی ضیافتگه چاقرغان وا قیتدا دفعتاً ینه بلم

موضوعلر يدن مذاكيره گه توشوب قدمقى زمان ياز-
غو چيلرينلڭ يازغان كتابلريني اوقوماقچى بولوب
قول ايگيسى اول كتابنى ياد آلغان قولغا كتاب اوقو
شنى بويروغان ايدى. قوللر نلڭ باشليغى تەمترە گەن
حالدا: „هەى... بيگيم! او-كتاب كيسەل بولوب
قالغيلى اوچ كون بولدى . اوچ كوندن بويان اور
نيدن تورا لماى ياتيدو" دەب ايدى، بوسوز نى آڭلاب
ضيا فتگە كەلگەن مهمانلر ياه...! قاب كولو
شيپ كتگەن. آق سويەلڭ بيگيم موايزا تارتب قزريپ
كتگەن .

# توب،نك اواز يني ماراب بلش



برنجی دونیا اوروشی واقتیدا سوقوش قلغوچی
دولتلر سوقوش فرونتینی یوشوروب آلیشگه بلک
دقت قلغان ، بولوبمو توبچی عسکرلر فرونتلریغی
سرلق روشته یوشوروب آلغان . یالغوز توبنلک
اوز اینینی کوروشگه ممکن بولمایلا قالماسدن بەلکی
توبنلک توتونلرینی کوروشگه هەم ممکن ایمەس
ایدی .

سوقوش قلغوچی دولتلرنلک هرایکیلا طرفی
دوشمەنلر ینلک توب زمبرەکلری تورغان اورونىی
بلەلمەسدن بلک قایغورلانار ایدی . بولر بونداغ

قيينچيلقنى چقارب تاشلاش اوچون چاره‌كورروشگه كرشگه‌ن، نه‌تيجه ده فرانسوزلر بو نلڭ چاره‌سينى او يلاب چقارغان .

فرانسوزلر بر تورلى آپارات كشفى قلديده بو آپارات ايله‌ن دوشمه‌نلر نڭ آتقان توب زمبره‌ك لر يدن چققان اواز نلڭ نه دن كيليديغا نلقينى اولچه‌ب بله ـ له‌يديغان بولدى ، فرانسوز عسكر لرى مناشول آپارات ايله‌ن آلمان توبچى عسكر لرينڭ فرونتلرينى بوزغان ايدى .

# تاپشوروق (1)

توبنديكى، جمله‌لرگه تقايد قلب برنچه جمله‌توزوب

چقيگلا :

(1) جوگسه نليك بولساسوهلتلك اولوغ بر

جاى دور .

1 ـ

2 ـ

(2) اولكومز شنجاگدا دهقانلر نلك كوپنچه

سي تاغلردن ايريپ توشگەن قارسولريدن فائيده‌لا

نب ايتزلرنى سوغاريدو .

1 ـ

2 -

توبندیکی سواللرگه جواب بریڭلا :

( 1 ) نانکینده قانداغ تاغ ، دریا وه آثار عتیقه‌لربار؟

( 2 ) اولکومز شنجاڭدا قانداغ تاغ ، دریالربار ؟
وه قانداغ زراعت هه‌م کاولانما محصولاتلری چقیدو ؟

( 3 ) قدمقی زمان کشیلریده کتابلر بولمیغانلقدن
بلملك کشیلر بلم معلو ماتلرینی براو گه اورگو توش
اوچون قانداغ قلغان ؟

( 4 ) برنجی دونیا اوروشی واقتیدا فرانسوزلر دو
شمه‌ن لرنینك توب زمبره‌کلری تورغان اورونی قانداق
قلب بلگه‌ن ؟

( 5 ) ده ستلەبکی یازیق قانداغ یازیق ایدی ؟

ایرانیلر گه برپارچه مکتوب یازیپ چقیپگلا او

ــ مکتوب توبندیکی اوچ اشنی‌اوز اچیگه آلسون :

1ــ تورت خیل نرسه نی تاپشوروپ آلدوق .

2ــ سزلر اتفاقدا بولسیگزلر . قورال استعمال

قلمیسگزلر .

3ــ اگر سزلر چوقوم قورالّق حرکت قلساگلا،

بزمدا فعه‌کورمه‌ك اوچون قارشی تورامزه

بر پارچه‌شنجاك خریته‌سی سزب چقیگلا .

# آتوم بوماسی

آتوم بوماسی بولسا آمریکان ایلەن اِنگیلز لر

ایکنجی دونیا اوروشی جریانیدا کشف قلغان قورالدور.

بو قورالنی استعمال قلغان واقتیدا کیلیب چققان قوت

باشقا ملتق دارولرینک آتیلیش قوتیگە قارینغاندا

جددی وە اوتکور کیلیدو . بر دانە آتوم بومباسینک

آتیلیش قوتی یگرمە مک تونا اَق اوتکور ملتق

داروسی وە اوچ مک دانە عالی هوا استحکامی نک

بومبار دیمان قلیش قوتیگە تەڭ کیلیدو .

بویگی قورالنك، ده ستلەب آمریکادا تجریبه

اوچون آتیلغان واقیتدا حاصل بولغان کوچلوك نوری

وه قدرتلك اوازی اوتوز ملك میتر یر اقلقدیکی

آدەملر نی تیترەتب ییقتقان وه اولر نی کوب واقیتغیچه

قاریغو قاب قویغان . حتی تورت یوزکیاومیتر نلك

سر تیدیکی یرلر هەم قاتتق تأثرلانب تیترەب کتگەن.

ایکنجی دونیا اوروشی آتوم بومباسینك تجر-

یبەدن موافقیت قازا نغانلقیدن تجاوزچیلر نی تسلیم

قلدورغان .

# ایکی دا دەن آق قو ناق

علی اوزینىڭ اوكاسی ایلەن عائله ملكینی بولشیپ

آلغان بولسمو لیكن اولر ینه بر لاشب بر پارچه یر

نی تەڭ تر یغان ایدی . یردیكی آق قوناقلر پشقا

ندن كین آكا ـ اوكا ایكیسی اوز آلدیغا ایتز دن

آلنغان آق قوناقلر نی تەڭمو تەڭ بولشیپ آلب

اوزلرینىڭ اشكی آلدیغا توكوب قویشدی .

آخشیمی علی اوزخیالیدا : „ اوكامنىڭ یاشی

مەندن كچیك مەن البەتتە كوچیمنىڭ یتیشیچه اوكام

غەیار دەم قلیشم كیرەك“ دەب اویلیدیدە مخفی روشته

ایکی دادەن آق قوناقنی اوکاسینىڭ اشکی آلدیغا

توکوب قویدی .

خوددی شو نگدەك اوکاسی مو آکام نڭ :

,,بالاچاقالری نهایتی کوب بوگون تقسیم قلب آلشقا

آق قوناق اوزلرینىڭ آزوق تولو کلرینی تأمین

قلیشقه البەتتەیەتمەیدو‘‘ دەب اویلاب او-هەم مخفی

روشتە ایکی دادەن آق قوناقنی آکاسینىڭ اشکی

آلدیغا آلب بارب توکوب قو یدی .

ایزتەسی اولر توروب قاریساهیچ قایسینىڭ

آق قوناقلری کامایمیغان ، اولر عجبلا نب کتشدی .

کون کەچ بولغان واقیتدا ایکیلیسی ینەبورو نقیدەك

آق قو ناق توشوماقچی بولوب توپ توغرا بر واقیت

اچیده یولغا چقشقان سبیدن یول یوزیده بر ـ بر

سیگه اوچراشیپ قالیدو . مناشو واقیتدا آکا اوکا

ایکەیلەن تاقت سزلك حالدا موره سیدیکی آق

قوناقلر نی یرگه قویوب بر ـ برینی قوچاغلا شیپ

تأثر لانب کتب کوز لر یدن یاش تامچه لر ینی

آققوزودو .

# دادام نڭ عسکری کییمی

دادام دولت مدافعه وزارتیدن قایتب کەلگەندە بر قوور سارغ ماوتدن تیکلگەن عسکری کییم وە پوتیغا وال وول قلب پا قیراب تورغان او توك کیب کە پتو ، میدە سیگە قڭغر کمر تاقاپتو ، بو یڭی کییملر ایلەن کورونشدە بك سلطنتلك وە روحلق بولوب کورونەری. مینڭ کچیك سیڭلیم دادام نی کوروب پو- تینی قوچاغلاب آلب:



„ قاراڭلا ! دادام یڭی کییم کیینپتو، نیمە دیگەن چرایلق هە...!“ دەب خوش بولوب کتدی.

آنام: ,,دورست! بوعسکری کییم نلک رختی یامان ایمەس ایکەن. بو اجنبیدن کەلگەن رخت مو نیمه؟!" دیدی. دادام: ,,یاق! بو سارغ رخت بولسا غربی شیمال ماوت زاووتیدن توقولغان ماوت، پوتومدیکی اوتوکنی جوڭخا موزدوز چیلق فابریکاسیدن اشلەب چقارغان. حاضر مملیکتیمز نلکماللری بوروتقیغه قاریغاندا کوب ترقی قلدی!" دیدی.

سیڭلیم دادام نلک آلدیدا یوکونب اولتوروب دادام نلک آغزیدن چققان سوزلرنی دوراب: ,,حاضر مملیکتیمز نلک ماللری بوروتقیغه قاریغاندا کوب ترقی قلدی!" دەب ایدی. هممز بوسوزنی آڭلاب بر دەك کولوشب کتدوك.

# برنجی قتیم یر شارینی آیلانش

اسپا نییه‌لك ماگیلان دیگه‌ن کشی ده ستله‌ب یر
شارینی آیلاندی . میلادییه نلگ بر ملگ بش یوزاون
توقوز نجی یلی سنتابر ده ماگیلان بش دانه کیمه‌گه
باشلق بولوب اسپا نییه دن غربگه قاراب ماکیب
آتلانتك اوکیاندن او تووا تقان واقتیدا قویون شامالار
وه زور دولقونلار کوتورولگه‌ن . ماگیلاننگ یولدا
یمه ککه آلب بارغان آزوق آوقاتلاری توگه‌ب
قالغانلقدن باشیدن نورغون مشقتلر نی اوتکوزوب

جنوبی آمریکا نلث برازیلییه دیگزی قرغا قیغا یتپ بارغان

اولر برازیلییه دن دیگز یاقیلاب جنوبقابورولوب بـر بوغازغه کرگه‌ن ، بو ـ بوغاز نی کینکی واقیتده کشیلر ماگیللان بوغازی ده‌ب آتاغان. بوـ بوغاز دن چقب قارایدوغان بولسا چکسز کتگه‌ن دیگز کوز گه کورونگه‌ن، او واقیتدا کوزگه کورونگه‌ن دیگز ده دولقون وه شا مالار بولمیغا نلقدن ماگیللان بو یرگه تنچ اوکیان (اولوغ اوکیان) ده‌ب اسم بر گه‌ن . تنچ اوکیاندا ینه‌کیمه‌لر ایله‌ن برنچه کون یوروب

آخری فیلیفین طاقم آراللر یغا بارغاندا اوڭشسز لك
ایلەن ماگیللاننی او یر دیکی یر لك خلقلر اولتوروب
قو یغان .

بو واقیتدا اویردن آران بر غینه کیمه قاچیپ
چققان ایدی . بو کیمه دیکی آده ملر ماگیلاننڭ
مقصدی ایلەن ینەغر بگه قاراب یوروب میلادییه نڭ
بر ملڭ بش یوزیکرمه ایکنجی یلی سنتا بر ده اسپا
نیەگه قایتیب کەلگەن. دیمەك شول زماندا یرشارینی
بر نجی قتیم آیلانب چقش خدمتی عاقبت موا
فقیت قازا نغان .

# اوت آر با نك
# كشفياتچيسى ستيفونسون



ستيفونسون

ستيفونسون بولسا انگيلييه
لك بركموركانچى نلك بالاسى
ايدى . كچيك واقتيدن تارتىب
اونك عائله سى كمور كانيغا
يقين برجايدا اولتورغان سببدن
او-هورغا بك قزيقار ايدى . هورماشينا سنك اوازينى
آڭلاغاندن كين بك خوشال بولور ايدى . اويون
اوينا غان واقيتلر ده هم دائيما لاى ايلەن هور ماشيناسى
نلك شكليديكى نرسيلر نى ياساب اوينار ايدى
كشيلر اونكدن : ,, سەن چوك بولساك قانداغ اش

قليسەن‘‘؟ دەب سوريسا ، او: „مەن هور ماشينا
سيغه اينژينير بولومەن‘‘ دەب جواب بەر ايدى .

ستيفونسونينك عائلەسى بك كمبغل بولغا نلقدن
مكتبگه بارب اوقوشقه قدرتى بولماى سكز ياش
واقتيدا اشچى بالابولوب اشلەشگه باشلا دى، اون
تورت ياش واقتيدا كمور كانى اچيگەكرب اوت
ياققوچى اشچى بولوب اشليدى . او ـ ماشينا گه آر
توق كوڭل قويغان سببدن اوزون واقيت او تمەسدن
ماشينالر گه اوستازلق بخد متينى قوليغا تا پشوروب
آلدى .

كو نلر نڭ بر سيده زاۋوتدا اشچيلر نى بركونلوك آزاد قلغان ايدى ، هور ما شينالر يگه اوت ياقش اشلرى هم توختالغان ايدى ، ستيفونسون بو فرصتدن فائيدەلانب ماشينالر نى باشقارغوچى كشينڭ روخصتى ايلەن ماشينالر نى بوزوب دقتى ايلەن بر قور مذاكيره قلب اوتگەندن صوڭ او ــ ماشينالر نى ينه اوز اورنيغا بكتيب عكسيگە كەلتوردى . امّا ستيفو-نسون ماشينا نى بوزوب قويغان دورمەنمو ؟ دەب كوڭليدا بك قـا يغورلنب تون بويى كوزى او يقو غا كرميدى، ايرته سى تاڭ آتقاندن صوڭ ماشينا

نلك بوروتقيغه اوخشاش يورو وا تقانلقينى كوروب كوكلى خاطرجمع بولدى .

ستيفونسون ابتدا ئى مكتبنك بر نجى صنفيگه كر گەن واقيتدا اون سكزياشدا ايدى ، او-كوندوزى كاندا اشلەب تونده اوقوش اوچون مكتيگه بارار ايدى . ابتدا ئى مكتبنى بتور گەندن صوك يەنەنورغون كتابلر نى ساتب آلب اوز - اوز يدن بلم آليشگه باشلا دى . اوزينك اوزلوكسز مذاكيره قليشى نەتيجه سيده اوت آربا ايجاد قلب انسانلر اوچون زوربخت سعادت توغدوردى .

# تاپشوروق (2)

توبندیکی جمله‌لرگه تقلید قاب برىچه جمله
توزوب چقیگلا :

1 ـ ایتنز دیکی آق قوناقلرپشدی .

(1)

(2)

2 ـ دادام اوچیسیغا سارغ رگلك عسکری کییم
که‌یدی .

(1)

(2)

3 ـ نورغون جفا مشقتلرنی کیچیر یپ جنوبی
آمریکا غه یتپ باردی .

(1)

(2)

توبنديكى كاتەكلر اچيگە يازيلغان نرسەلر نلڭ

رسمينى سزب چقيڭلا .

| | | |
|---|---|---|
| تاپانچە | قول بومباسى | بومبا |
| ملتق | فليموت | زمبرەك |

توبنديكى سواللرگە قانداغ جواب بريش كيرەك؟

1 ـ آتوم بومباسى قانداغ قلب ياپونىى تسليم

قلدوردى ؟

2 ـ سزتورغان جايدا آق قوناق چقامدو؟ بز آق

قوناقنى نيمەگە اشليتيمز ؟

3 ـ سزتورغان يرده كومه قوناق چقامدو؟ كومه قوناقنى بز قانداغ قلب يه‌يمز ؟

4 ـ سزتورغان يرده دهقانچيلق محصولاتدن قانداغ نرسه‌لرچقيدو ؟

تو بنديكى جمله لر دوروستمو ؟

1 ـ قوينك يوڭى ايله‌ن ماوت توقوغيلى بوليدو .

2 ـ غربى شيمال ماوت زاووتيدن چققان نرسه‌يلر بك ياخشى .

3 ـ ماگيلالان بولساير شارينى برنجى قتيم آيلانب چققان آده‌م .

4 ـ ستيفونسون هورما شيناسيغا بك قزيقيدو .

# تیلیفو ننك ایجادچیسی بیئل


بیئل

بیئل انگیلیه فاکقای وه گاچالر مکتبینك معلمی ایدی . او ـ بر زماندا کشیلر گه : ,,مەن یالغوز فاكقای وه گاچا لرگه سوز اورگو توپلا قالماسدن بەلکی تمور ایلەن تمورنی اوز آرا سوزله شتورو مەن" دەب ایدی کشیلر بو سوزنی آڭلاب اونی آغز یغاکەلگەن قوروق سوزنی قایدو دەب مسخره قلغان ایدی .

بیئل اوز خیالیدا : ایلیکتر قوتیدن فائیده لانب

تیلیگرام آرقـالق حـرفنی بـراودن ینه‌بـراو گـه
معلوم قلا- لایدورغان بولوب توروغاق او ندن فا
ئیده لانب تاوشنی براو دن براو گه معلوم قلب
سویله شیشگه ممکن ایمه‌سمو؟" ده‌ب اویلادی .

بیئل اصایده ایلیکتر مذاکیره قامیغان بولسمو
کونلر نلك بر سیده اوزی اویاونوب بر ایلیکتر
متخصصیدن معلومات سورو ماقچی بولدی

نه‌تیجه‌ده اوگشسز لك ایله‌ن هیلیقی متخصص اونگغه
نصیحت قلغان یوسو ندا : „ سندن ایلیکتر اورگه
نمیگه‌نلکدن سنگده بو نداغ قورق خیاللر بولیدو .

مینگچه سەن کوچکنی بیکار اسراف قلمای جیم یا-
تقین !“ دەب سوز لیدی .

بوسوز نی آکلیغاندن صوك بیئل نلك کوکلی
سو نمیدی . او ایلیکترگه مخصوص نورغون کتابلر
نی ساتب آلب دقت قلب مذا کیره قلیشقه باشلیدی .
اوزینك آستا ـ آستا تجربیه قلیشی نەتیجەسیده
میلادییه نلك بر ملك سکزیوز یتمش آلتنجی یلی
تیلیفونی ایجاد قلب اوزینك : „ تمور ایلەن تمور
سوز لیسالایدو“ دیگەن وعده سینی اش یوز یده
کورسەتدی .

# او قوشقه تر يشجان نيئوتون



نيئوتون

نيئوتون آتاغلق عالم دور .

نيئوتون عادتيكى واقيتلر ده اوقو شقه بك تريشار ايدى . كتاب اوقوش واقيتلرنده حتى اوخلاماق وه‌تماق يمه‌كنى هه‌م اونوتوب قالور ايدى .

كونلر نلڭ بر سيده نيئوتون اوييده كتاب اوقوشقه تازا دقت قليواتقان بر مزگلده عائله‌سيديكى كشيلر اونڭغه‌توشلوك تماق آلب كه‌لدى. نيئوتون بونى كوروب عائله سيدن كه‌لگه‌ن كشيلرگه قول ايشا رت قلب

قايتوروب آلدى. او-تخسه نلڭ اوستيده توخو منڭ بارلقينى كوروب بر طرفدن توخومغدنظر سالدى ينەبر طرفدن قول اوزوتوپ توخومنى اوچاق او ستيديكى قازانغا سالب سودا پوشورماقچى بولدى.

خيلى اوزون واقيت اوتگەندن كين هيليقى توخوم ياديغا كەلديده قازاننى آچب قاراب، اوزى „واى يەى" دەب واقيرا وه تتى، چونكى بر دانه ساعت سونڭ اچيگه چوكوب كتگەن، سو قايناب تور ماقدا سونڭ اچيده توخومنڭ ايزيمويوق ايكەن.

ديمەك: نيئوتون اوقوشقه آرتوقچه دقت قلغان سببدن جوزا نڭ اوستيديكى ساعتنى توخوم دەب قازانغا سالب قويغان.

# ایکی عالم



جەمسی وات

انگیلییەدە ,,وات‘‘ ناملق بر کشی بولوب او تگەن ایدی. او ـ چوگو ندیکی سو قایناش ایلەن هور یوقاریغا اورلەب چوگون قا پقاغی نڭ میدرلاب کوتورو لگە نلکینی کوروب کوڭلیدە: ,,هور نڭ قوتی نرسیلر نی میدر لاتقیلی بولیدیکە نغو!‘‘ دەب اویلایدی. کینکی واقیتلر دە اوزی دقت قلب مذا کیرە قلیش نەتیجەسیدە هور ماشینا سینی کشف قلدی. هور ماشیناسی کشف قلنغاندن صوڭ اوت آرباسی، واپور (پاراخود) قتارلق تورلی ماشینالر کشف قلندی.



فرانكلين

آمـريكادا فـرانك
لين ديگەن بركشى او
تكەن ايدى، او-يامغور
ياغقان واقيتدا آسماندا
هوا گولدور ليگەن ،
چاقماق چاققان وە
گولدور هەم چاقماقلر نىڭ اويلر نى بوزوب تاشليغانلقينى
كوروب خياليدا: „بوقانداغ نر سەدور ؟ نيمه اوچون
بو نىڭ بونداغ زور قوتى بولودو ؟“ دەب او يليدى.
كينكى واقيتلر دە اوهەم دقت قلب مذا كيره قليش
نەتيجەسيدە ايليكتر كشف قلدى . اوندن كين ايليكتر
چيراغى ، تيليفون ، تيليگرام . سينەما (كينو) قتار
لق نورغون نر سيلر كشف قلندى .

# قدمقی کشفیاتلر

فەننی کشفیات اڭ بالدور جونگگو دا کیلیب چیققان.

خواگدی (میلادییەدن اوچ ملڭ یل بورون) دوریدە قبلە نامە (کومپاس) کشف قلنغان، بو قبلە نامە آر-قالق جنوبی طرفنی وە شیمالی طرفنی فرق اتکیلی بولودو ، جونەلشنی تونشدا فقط خطالق بولمایدو.

سوی سولالەسینڭ (میلادییە نڭ بش یوزسک-سەن توقوزنجی یلیدن آلتە یوزاون یتنجی یلیگەقدر) دوریدە مملیکتیمز جونگگو ملتق داروسنی کشف قلغان،



اوزماندا ملتق دارو-سی عادتدیکی وا قیتلر دە یالقون یاقشقا

سوقوش وا قتیدا سوقوش قورالی قلیشقا استعمال قلا نار ایدی .

باسما اشلری آلڭ اول مملیکتیمز جوڭگو دا کشف قلنغان سوی سولالەسینڭ. واقتیدا کشیلر اویما حرف ایلەن ، باسیش باسماسینی کشف قلغان . سوڭ سولالەسی (میلادیه نڭ توقوریوز آلتمیشنجی یلیدن برملڭ ایکی یوز توقسەن آلتنجی یلیگەقدر) نڭ واقتیدا یەمیخ مطبعه کشف قلنب باسمااشلری تیخیمویا خشیلا نغان . کیم جوڭگو خلقینڭ قابلیتی اجنبیلر بلەن تەڭ ایمەس دەیدو؟ بز البەتتە تریشپ اجنبیلر نڭ آلدیغا چقشمز کیرەك ! بز اوزیمز نڭ قابلیتیمز نی پارلاندوروب ایجادیت وە کشفیاتلر اوچون تریشپ اشلەشیمز کیرەك!

# سو نلك اوزگوروشی

سو نلك اوزگوروشی نهایتی کوبدور ۰

سو ایسیقلققا اوچریسا هورغا آیلانادور. هور سو غاقلققه اوچریساینهسوغا آیلانادور ۰

سو ، سوغاقلققا اوچریسا موزغه آیلانادور ۰ موز ایسیقلققا اوچریسا ینهسوغا آیلانادور ۰

سو ، ایسیقلققا اوچریسا هورغه آیلانادور ۰ هور وا بوشلقیدا بولوت .بولوب کورونودور ۰

بولوت سوغاقلققا اوچریغاندن کین سوغا آپلا

نب تامچه بولوب یر گه توشگەندە یامغور دەب

آتالادور .

بعضی واقیتلر دە. بولوت سوغاقلققا اوچریغاندا

خوددی گولغه او خشیغان نرسیلر گه آیلاب آسماندن

آپپاق بولوب یر یوزیگه لەیلەب توشودو. منابو نی

کشیلر قار دەب آتایدو .

یوقاریدا آیتلغان هور ، موز ، بولوت ، یامغور ،

قارلر نلک هەمەسی سودن اوزگوروب پیدا بولودو.

NATIONAL CENTRAL LIBRARY

# تاپشۇرۇق (3)

(1)توبندیکی جمله‌لرگه به‌لگوعلامتلری قوشوڭلا:

تونوگون آخشام بوران چققان ایدی بوگون سحر واقتی ایلەن قوپوب قاریساق بوران بز نلڭ ریشاتکالریمزنی وه باراگلریمزنی ییقیتیوه‌تیپتو اوییمز نلڭ اشکی آلدیدیکی اسمائیل لا نلڭ اوگز یسینی مو قو میراب‌تاشلاپتو آنام کولومسیره‌ب ماڭاقاراب‌اسمائیل نلڭ بالالری قوشقاچ چاڭگیلرینی بوزوب تاشلیغان ایدی حاضر اوزلرینڭ چاڭگیسینی بوران چقب بوزوب تاشلیدی دیدی .

(2)توبندیکی جمله‌لرگه سوزقوشوب تولوق جمله قلب چقیڭلا :

1 ـ شوندن تارتىب ـــــــ نەتىجىدە ـــــــ

2 ـــــــ گە اوخشايدو ـــــــ گە مو اوخشايدو.

3 ـــــــ لا ايمەس بەلكى ـــــــــــــــــــــــ

(3) توبنديكى سوااللرگە جواب بره لەمسىزلر؟

1 ـ نيئل تيايىفوننى قانداغ قاپ كشف قلغان؟

2 ـ نيئوتون اوقوشقه قانداغ تريشارايدى؟

3 ـ وات نيمەلرنى كشف قلغان؟ فرانكلىن نيمەلر
نى كشف قلغان؟

4 ـ مملىكتيمز جوڭگو نىڭ قدىمقى كشفياتى نيمەلر
دن عبارت؟

5 ـ هور ، موز ، بولوت ، يامغور ، قارلر نيمەلر
دن اوز گوروب كياپ چققان؟

# قوملق دا یا شیغان انوەر

انوەر اوزینك آتا ـ آناسی ایلەن عربستان قو-
-ملقیدا یاشار ایدی . قوماق نهایتی ایسیق وە قورغا-
قچیاق بر یر بولوب اطرافی چکسز کتگەن قومار
ایلەن اورالغان ایدی . اولر هر کونی توگە وە قویلرنی
هەیدەب چارواچیاق مشغولاتی ایلەن اوت چوپ وە
سولزی چاروا مالارنی تأمین قلا ـ لایدوغان یرلرنی
ایزلەب یورەر ایدی .

هر قتیمدا اوت چوپلك وە سولق یرلر تاپلغان
چاغدا انوەر خوشال بولوب توگەلرنی یوتیلەب سوغا

ریشقه وه اوتلا شقه آلب بارار ایدی . انوەر توگیگه نهایتی آمراق ایدی . چونکی قوملق اچیده اگر توگه بولمیسا اولر تورموش کیچیرالما یدوغانلقینی یاخشی بلەر ایدی . توگه نك زور وه کەك تاپانلری بولغانلقدن قوملقدا یول ماکماق بولسا تاپانلری قومغا پا تمایدو ، وه انوەر لر اوچون بك اغر یوکلرنی توشوب قوملق لر اچیده اوچ تورت کو نگیچه آزوق آوقات یمەی سفر قلا - لایدو .

انوەرلر سولق وه چوپلك یر لر گه بارغاندن کین چادر لر ینی تیکلەب کالا وه قویلر نك سوتلری ایلەن آزوقلانب تورموش کیچیریدو و کون

ساناب یاشایدو . تا ـ اویر دیکی چوپلر نی جانلق
ماللر یەپ توگە تگەندن صوڭ اولر آندن مال
آسراش اوچون باشقا یرلرگە کوچوب باریدو .
قوماق اچیدە توگەلر ایلەن برگە سفر قلیشدا
قـورقـونـوشلق بـرحادثە قـویـون شامالر بـولـوب
سانالیدو ، چونکی قویون شامالر کوتورولگەن وا قیتدا
قو ملر وە تاشلر نهایتی اوگایلق ایلەن آدەملرنی وە
جانلق ماللر نی سوقوب اولتوروش ممکن .
امّا انوەر اوزینڭ آتا ـ آنالری ایلەن هر بر اشدە
احتیاط قلغانلقدن بونداغ خوف خطر لکلر گە او ـ
ـچریمیغان .

# اور دا وه بينا

قدمقى زمانديكى انسانلر نلڭ اولتوروش اوچون اويى يوق ايدى • اولر نلڭ بعضيلرى تاغ غارلر يده بعضيلرى‌ده‌ره‌خلرده ياشار ايدى • كينكى واقيتلر ده ده‌ره‌خنلڭ شاخلرى وه باراڭلر ايله‌ن عاددى اويلر ياساب بوران وه‌يامغور لر دن ساقلا نادوغان بولدى• جمعيتنلڭ ترقى قليشى آرقاسندا نچه‌ملڭ يللردن بويانقى اوز گوروشلر نه‌تيجه‌سيده حاضرقى اوردا وه بيناقتار لق حضورلق چرايلق ياتاقلر كيلب چقدى، بولرنى قدمقى زمان انسانلرى اويلاب توشيده هم تاپالماس ايدى •

به‌ييبنده نورغون اوردالر بار • او — اوردا لر نلڭ او



ستی وال-وول قاب پاقیر ایدوغان خیشتلر ایلەن یاسالغان ،
کون نورلری اوینک او ستیگە توشسە وال-وول
قاب آدە منک کوزلر ینی چاقایتیدو . او - اویلرینە
قزل رنگلک توبروک وە یشل رنگلک پیشایوانلر ایلەن
یاسالغان . بیزیلیشی بک چرایلق کورونودو . اوردا
نک سر تیدیکی یلەمپەیلر مر مر تاشلری ایلەن یاسالغان
خوددی آق قاش تاشیگە اوخشاش کورونودو .

شاخە یدە نورغون زوربینالر بار . او بینالر نک
ایگز بولغانلری یگر مەنچە قات بولوب بازار دە تک
توریدو ، بو بینالر نک اچیدە ایلیکتر شوتاسی وە ایلیکتر
ایلەن ماڭادوغان سیریلما شوتالر بولودو . نچەیوز قات

ایگز یلەمپە یلر دن یول ماکمای چقب ـ توشبو شگه
بولودو . یازکونلری سوغاق هور بر یلیدو . اوی
نلث هواسی خوددی کوزکونلر یگه اوخشاش سالقین
بولودو . قش کونلری ایلق هور بر یلیدو . اوینلث
ایلقلقی خوددی ایرته یازغه اوخشایدو . او ـ بینالر نلث
اچیده ینه ایلیکتر چیراغی ، تیلیفون ، ایلیکتر زوانیکلر
بولیدو . بو اویده یاشا یدوغان کشیلر نهایتی راحت
لك ایلەن حضور تورموش کیچیریدو .

اگر قدمقی زمان خلقی بو اوردا وه بینالرنی کورو
دوغان بولسا نەقدر عجبلانب حاضر قی کشیلر نلث
زهنلك ایکەنلکینی ماقتارایدی ؟

# يوننه‌ن آننام تمور
# يوليديكی آسما كوبروك

يوننه‌ن آننام تموريوليدا بر آسما كوبروك بار
او كوبروك نك ايكی اوچی تاغ نك ايكی غار
آغزيغه اولاشقان . كوبروك نك ايكی اوچی بك
ايگز تاش تاملر ايله‌ن اورالغان . كوبروك نك
آستی بولسا بش آلتمك گه‌زكيلديغان چوڭقور
. اويمانلق بولوب اوت آربابرغاردن چقب اوچقانده‌ك
كوبروكدن اوتوب ينه‌بر غار آغزيغا كريدو . بونی

کورگەن کشیلر حیران قالیدو .

باشدا بو کوبروکنی یاساغان واقیتدا بر اینژینیر بر یلدن کوب واقیت وە کوچ صرف قلیش نەتیجە۔ سیدە نورغون اشچیلر یاردار بولوب وفات بولغان بولسمو آخری کوبروکنی یا ساب چقرالمیغان . عاقبت او اینژینیر کوبرو کگە پلان قبول قلماقچی بو۔ لوب غزتەگە اعلان چقاریدو . برخاتون کشی پلانغا قبول قلنب بر پلان توزوب چقیدو. هیلیقی اینژینیر شو پلاندیکی رسم بوییچە اشلەب آندن بو عجایب چاقڤان مستحکم آشما کوبروکنی یاساب چقیدو .

# سوقوش نلك غلبه‌سی

جوگخا جمهوریتینك اوتوز تورتنجی یلی اوننجی
آوغوست کونی ، بزنك آلك زور دوشمه‌نیمز یاپونییه،
اتفا قداش دولتلر اچیدیکی تورت کوچلوك دولت
بولغان جوگگو ، انگیلییه ، آمریکا ، سویت اتفاقی
گه شرط سز تسلیم بولغانلقینی اعلان قلدی .

اوچنجی سنتابر کونی بتون مملیکتیمز ده دونیا
تنجلقینی وه سوقوشیمز نلك غلبه‌سینی تبریکلەب
بایرام قلدوق . اوکونی نه‌گیدو بارسیگز غزه‌ل آ یاغ
اویونلری ایله‌ن عسکر وه خلقلریمز داغدو غلانغان،
همه‌خلقلر خوشال خراملقده مغرورلانغان احوالنی
کوروسر .

مدن تبریکلەش مراسمیدن قایتب که‌لگه‌نمده آتام

مەندن : „ سەن بلەمسەن ؟ ياپـون نيمە اوچون شرطسز تسليم بولدى ؟“ دەب سوريدى .

مەن : سويتلر اتفاقى سوقوشغە قاتناشدى آمريكا نلڭ آتوم بومباسيغا ياپـون تەڭ كيلەلميدى شونلڭ اوچون ياپون تسليم بولدى“ ديدم .

آتام : „ سينڭ ديگەن سوزوڭنڭ برقسمى دوروست . توغرا ! سويتلر اتفاقينڭ سوقوشقە قاتناشيشى ياپونغا مدافعە قليش قوتنى آرتوردى ، هەم ياپونى تورت اطرافيدن محاصرە گە توشوردى، شو نلڭ ايلەن تەڭ ينە آمريكا نلڭ بر غينە آتوم بومباسى ياپونييە نلڭ گواگداو شهرينى خانە ويران چيلق ايلەن تارمار قلدى . براق بولر دن باشقاينە

بر چوك قوت بار ، سەن اونى نظر يگده توتمادڭ .
او ــ بـو لسموسكز يللدن بـويان مشقت چكيب
أوزەللك ايلەن تسليم بولماى دوام أتتوروب كەلگەن
مدافعه اوروشيمز بولوب حسابلا نيدو . بزلر نڭ
مناشونداغ اوزونغيچه مشقتلك ايلەن قر بان بولوب
دوام أتتورگەن مدا فعه اوروشيمز نڭ بولشيدن، بزلر
ياپو ننڭ پو تينى بارغانسرى پاتقاقغا كرگوزوب اوزمز نڭ
قوتينى اويوشتوروب. ياپو نلانى يگپ چقدوق . شو
نڭ اوچون ياپونى يگلدور بشده بز نڭ جوگگو
زوركوچ چقاردى" ديدى .

ديمەك تجاوزچى قرام نيتده بولغان دولتلر عاقبت
ياپو نغه اوخشاش يگلشى ممكن .

# انابت سز یاپون

بز نك مملیکتیمز یاپونیه نك تجاوزچیلقیغا مدافعه سوقوش قلیش دوریده بز سوقوش قلغان سیری کوچلوك بولدوق ، اجنبیلر بزنی تقدیرلەب خیر خواهلق کور سەتدی. یاپونیه نك بزگه قلغان اوغری قراقچیلق حرکتلر یگه لعنت اوقوب آمریکا دەستلەب عدالتلکگه طرفدار بولوب یاپونیه گه عسکری قورال ساتب بریشنی منع قلدی، هەمده یاپونیه گه بین الملل قانونینی حمایەقایش وه زومیگرچیلك قاماسلق حقیده آگاەلا ندوروش بردی . یاپونیه تولکیلك قلب آمریکاغه اتفاقلق ایلەن صحبت قایشنی خالیغا نلقینی

بلدوروب آمریکاغه وکیل یبریب صحبت قایشنك
شرطلرینی آلب آمریکا رئس جمهوری
روزویلت ایلهن کوروشدی . یاپونییه کورونشده
راستدهك صمیمیتلکینی بلدوردی . آمریکانلر بونی
راست اش دهب تونوب اولر ایلهن کوروشدی .
اولر آمریکانلر ایلهن تازا ملاحظه قلیواتقان برواقیتده
آمریکانلر نك اویغا کهلمهسدن میلادییه نك برملك
توقوزیوز قرق برنجی یل سکزنجی دیکابر کونی یاپونلا
آمریکا نك هازبور پورتیغهٔ هجوم یاساب آمریکا
نك دیگز پلوتلری وه هوا عسکرلر ینیزور چقم وه
زیانغا دوچار قلدوردی . بو واقیتدا یاپون وکیللری تیخی

واشنغتوندا توروب ، يالغاندن شرقی آسییا نىڭ تنجلقی دیگەن سوزلر ایلەن تاوشینی اوزون سوزوب واقیراب یورەرایدی .

منابو ـ بولسا تاریخدا آتاغلق هاربور واقیعەسی بولوب سانالیدو ، دونیادا بین الملل انابتیگه بوی سونما یدوغان اویاتسز ، آلدامچیلق اشنی فقط یاپونلا اش یوزیده کورسەتتی . یاپونلا کینکی واقیتدا قانونىڭ سرتیغا چققان بولدی . آمریکانلر آتوم بومباسی ایلەن یاپوندن قصا صینی آلدی . دیمەك دونیا دا انابتگه بوی سونمیغان دولتلر نىڭ عاقبتی یاپونلاغا اوخشاش بولغوسیدور .

# دونیا اوروشی

یقینقی اللک یل اچیده دونیادا ایکی قتیم چوك اوروش بولوب اوتتی. برنجی دونیا اوروشی بولسا آوروپادا پیدا بولغان. آوستریه پادشاهزادهسی صربیه خلقی طرفیدن اولتورولگهن سببدن سوقوش آوستریهبلهن صربیه آراسیدا باشلنب آستا ـ آستا آنتانتادولتلر بلهن اتفاق دولتلر آراسیدیکی سوقوشغا آیلانغان. آنتانتادولتلر گه آلمانییهبلهن صربیه باش بولغان. اتفاق دولتلر گه انگیلییهبلهن فرانسییه باش بولغان بوسوقوش جوڭخا جمهور یتیینك اوچنجی

يليدن (ميلاديينەنك برملك توقوزيوزاون تورتنجی يلی)

باشلاب يتنجی يليگه قدر دوام قلغان . سوقوشدا

سو آستی کیمه ، آیرو پلان ، وه گاز لردن عبارت

قوراللر استعمال قلنغان ، سوقوش دهشتلك بولوب

اوتكەن . آخریدا آمریکا اتفاق دولتلر طرفیگه قوشو

لغانلقدن اتفاق دولتلر سوقوشدا غالب بولوب ویرسال

صلحی توزولگەن .

برنجی دونیا اوروشیدن یگرمەیل صوڭ ایکنجی

دونیا اوروشی ینه کیلب چقدی . بوسوقوش دەستلەب

یاپونیە نڭ قـانـونسز لك ایلەن جوڭگو غه تجاوز

قایشدن جوڭگو نڭ یاپونغەمدا فعەقلغان اوزون مدتالك

آذادلق اوروشی کیاب چقدی. اوندن صوڭ آورو
پادا آلمانیه ، یاپونییه‌نڭ تجاوز چیلقیغه تأثر بریپ
دونیاغه حکومرانلق قایش خام خیالی ایله‌ن انگیلییه،
وه فرانسییه‌گه قاریتب سوقوش آچتی. اوزون اوتمه
سدن آمریکا یاپون نڭ هاربور آرالیده اوغور لقچه
قلغان هجومیغه دوچار بولوش بله‌ن آخری یاپونییه
وه آلنمانییه گه سوقوش اعلان قلدی . سوقوش
قلغوچیلر نڭ ایکیلا طرفیدن سوقوشدا ماگینت سو
آستی بومباسی، هوا ـ استحکامی، اوچقون بومبا،
آتوم بومباسی قتارلق یڭی قوراللر استعمال قلدی.
جمهور یتنڭ اوتوزتورتنجی یلی(میلادییه‌نڭ برمڭ تو

قوزیوز قرق بشنجی یلی) آوغوستدا جوڭگو، انگیلیه ،
آمریکا ، سویت اتفاقی بلەن باش قوشقان اتفاق
دولتلرسوقوشدا غالب بولدی. آلمانییه، ایتالییه، یاپونییه-
قتارلق‌اوق مرگزلەشگەن دولتلرسوقوشدا مغلوب بولدی.
یاپونییه بولساسوقوشدا ــ اڭ آخری شرط سز تسلیم
بولغان دولتدور. بوایکی قیتمقی دونیا اوروشیدا گر
چەعدالت‌چیل‌وه خلق چیل دولتلر سوقو شداغالب
بولغان بولسمو لیکن انسانلرنڭ قر یلشی بك‌دهشتلك
بولدی . حاضر کوپ مملیکتلر سوقوشدن ساقلانش
اوچون اتفاقدا بولغان سعادتلك یڭی دونیاقوروشقه
چاره کوروواتیدو .

# تاپشوروق (4)

توبنديكى جمله‌لرگه تقليدقلب برنچه‌جمله توزوب چقيڭلا :

(1) قدمقى زمان كشيلرى اوى بولميغانلقدن تاغ غارلريده وه ده‌ره‌خ شاخلريده ياشاب كه‌لگه‌ن .

1 ---------------------

2 ---------------------

(2) ايگز بينالرده اولتورماق حضورلق براشدور.

1 ---------------------

2 ---------------------

(3) بر غينه آتوم بومباسى ياپونييه نلڭ گواڭداو

شهرینی تارمارقلب تاشلادی .

1 ـــــــــــــــــــــــــــــ

2 ـــــــــــــــــــــــــــــ

( 4 ) برنجی دونیا اوروشی واقتیدا سوقوشقه اشله تگەن قوراللر سو آستی پاراخود، آیروپلان‌وه گازلر دن عبارتدور .

1 ـــــــــــــــــــــــــــــ

2 ـــــــــــــــــــــــــــــ

توبندیکی سواللر غه جواب تاپیپ چقیڭلا :

1 ـ سزعرب لر نڭ تورموش احوالینی سوزلەب برەلەمسز ؟

2 ـ قانداق یاسالغان اویلر عقلغه موافق اویلر بولوب سانالیدو ؟

3 ـ مدا فعه اوروشیمز قایسی واقیتدن باشلا نب قایسی واقتیدا غالب بولغان ؟ جمعی قانچەیل دوام قلغان ؟

4 ـ حاضرقی زمان قاتنلش قوراللری نچه تورگه بولونودو ؟

5 ـ یاپونلا نلڭ انابتگه بوی سونمیغان فاکیتلرینی سوزلەب بره لەمسز !

6 ـ برنجی وه ایکنجی دونیا اوروشی قاچان باشلا نغان وه قاچان تماملانغان نچەیل دوام قلغان ؟

# زوكام بولوب قالدم

حورمتلك معلميمز داوت افنديمگه :

كيچەمەن مكتبدن آزادبولوب اويگه قايتب كەل‌ـ
گەنمدە بدنيم نڭ حالسز بولوب قالغانلقيني سەزب
تماق يمەسدن اويقوغا كر گەن ايدم. بوگون اورنومدن
ورسام باشيم آغريب قيزيب كتدی . بردەم ايسيب
بـردەم سو وب بكمو چارچاغان حـالـدە بـولـوب
قالدم . دائيمايوتولوب بورون توشو كلرم پتوب قالب
بعضی واقتلر دە بورنومدن سارغ سولراقب بلك
حالسز لانب توروپتيمەن . آنام ماڭا : „سەن زوكام



بولوب قالدڭ! چونكى ھوانڭ سوغاق بولوشيدن
ساڭاسوغاق تيگيب قاپتو ، سەن كوبرەك قايناق سو
ايچگن! تەرلەيدوغان دورا ايچكن! وە ايسيقلق هەم
سوغاقلققا كوب دقت قلغين! آندن سينڭ كيسە ليڭ
ساقييدو . بوكيسەل اوڭايلقچە كشيلرگە يوقيدو ، شو

نلك اوچون سەن ساباقداشلريڭدن يراق بولغين»
دەب مكتبدن روخصت سوراب اويده هاردوق ايلشنى
تاپشوردى . امدى مەن ايكى كونلوك روخصت سو-
راب اويده هاردوق آلماقچيمەن . مينك بو-التماسمگه
اوزلرينك چوقوم روخصت بريديغا نلقلرينى ايشينب
شبوخطنى يازدم

دەب

كامل احترام بلەن

اوقوغوچيلارى عبدالله

10 نچى آپريل

NATIONAL CENTRAL LIBRARY R.O.C.

# ایکسکورسییه‌گه باردم

بوگون دادام مینی شنجاڭ باسما زاووتیغه ایکسکو-
رسییه‌گه ایلب باردی . بوزاووتنڭ کولەمی نهایتی
زورایکه‌ن، بز زاووتدیکی خذمتچیلر گه-ارگشب‌نوبت
ایله‌ن ایکسکور سییه قلدوق . ده‌ستله‌ب بر اویگه
کرگه‌ن واقتیمز دا قتار - قتار تزیلغان جاوه‌نلرده قورغو
شون بله‌ن یاسالغان حرفلر نڭ تورغانینی کوردوك .
اشچیلر بوجاوه‌نلر نڭ آلدیدا مشغول بولوب حرف
تاللاوتیپتو ، برنچه اشچی تاللانغان حرفلرنی بیلاوی
مقاله لرگه قاراب تزیب کتاب وه ژورنال قلب با-
سشیگه‌تیارلاواتیپدو . ایکنجی بر اویگه کرسه‌ك
اشچیلر یوققا وه قاتتق کاغذ نی حرف تزیلب تیار
بولغان کتابلر اوستیگه قویوب چوتکالر بله‌ن اوروب

قــايتا ـ قايتا شونداق كاغذ لرنى اوستيگه ينه‌بر نچه قــات چاپلاب اوتقه آلب بارب قوروتوب چقريپتو. مانابو ـ بولسا كاغذ مطبعه‌سى ده‌ب آتاليدو .

صوگره ينه براويگه كرسه‌ك اشچيلر ايريتلغان قور غوشونلرنى كاغذ مطبعه‌سى اوستيگه قويوب قورغوشون مطبعه‌سى قلب چقيپتو. آخريدا كتاب باسيديغان ماشيناخانه‌نى كوروشگه كريشدوك. بوماشيناخانه ده كتاب باسيش، كتاب قاتلاش كتاب تيكش كتاب كيسيش قتارلق اشلر ماشينابله‌ن يورگوزولورايكه‌ن . كتابلرمو نهايتى تزدن تيارلانب چقار ايكه‌ن .

دادام بولر نى كوروب : ,, قاراك بالام بردانه كتاب باسب چقش اوچون شونچه‌كوب رسميتدن و تمه‌ككيره‌ك ايكه‌ن“ ديدى .

# آخرغيچه چاليشدى

اوتكەن زماندا شوتلاند يىەده بر پادشاه اوتكەن ايدى. بوپادشاه اوزعسكر لريگه رهبر لك قلب دو شمەنلاربلەن سوقوش قلدى. سوقوشدا آرقامو، آرقا اوچ قتيم يگلدى ينەقايتا سوقوش قليشقاجرعت قلالماسدن آخرى بر تاغ غاريدا ياتقان زمانلريده بر اورموچوك نلڭ غـار آغـز يـدا توریاسا واتقا نلقينى كوردى. هيليقى اورموچوك تورنى امدى



ياساب چقای دەب تورغان بر واقیتدا ، نەدن دو

بر توس شامال کیلب تورینی یرتب تاشلیدی؛ ینەتورینی

یاساب تیار قلای دەب تورغان بر چاغدا ینەشامال

کیلب تورینی پوردەب بوزوب تاشلیدی . شونداق

قلب بش قتیم غیچە امدی تورینی یاساب چقارای

دەب تورغاندە شامال کیلب تورنی پوردەب تاشلا

یدو . بشنجی قتیمغە کەلگەندە عاقبت تورینی یاسٓاب

مقصدیگە یتیدو . پادشاه بونی کوروب تأثرلانب کتب

غەزە بلانغان حالدە: „اورموچوك يگلشدن قورقماى آخرغيچە چاليشب چقتى، مەن يگاشدن قورقومەنمو؟ مەن آخرغيچە چاليشالمايمەنمو ؟“ دەب اورنيدن توروب درحال اوزينيڭ سوقوشتابورون يگلگەن عسكرلرينى قايتيدن چاقريب دوشمەنلەرى ايلەن ينە سوقوش قلدى؛ بونوبتديكى سوقوشدا عسكرلرنڭ غيرتى نهايتى آرتوق بولغانلقدن دوشمەنلرنى بتونلەى تارمارغا كەلتوردى

# قیینچیلقدن قورقماید یغان بالا



برشرکت طرفیدن سوداگر چیلککه شاگرد قبول قلماقچی بولوپتو • اون نچه‌نفریاش بالا شاگردبو لماق اوچون امتحان برشگه کەلگەن ایکەن، بوشر کتنک باشلقی هیلیقی بالالر نک قولیغه بردانەمیخ وه بردانه هاسا بریپ بوهاسانی قولوڭلاغا آلب میخنی اوروڭلا! برکشی اوچ قتیمدن اوروشقه روخصت اگرایکی قتیم اوروب آلالیساڭلا امتحاندن اوتکەنگه

حساب دەب ایدی ، هیلیقی بالالر خوش بولوب کتشتی ، آخریدا ـ اولرنلڭ اوییغا کەلمیگەن یاراشماـ سلق بلەن بالالرنلڭ هیچ قایسی اونی اوروب تەککو زەلمیدی. اوچنجی کونی ینەاون نچە بالا کیلب امتحانغه قاتناشتی ، بوبالالر نکمو هەمەسی بردن ـ بردن یگلب کتبشدی . نوبت آخریدا بر بالاغه کەلگەنده اوبالا قولیغه هاساتایاقینی آلب میخنی قاریغه آلب کوچینلڭ یتیشیچه میخقهقاراب اوروب ایدی آرقاما آرقادن „تاق ـ تاق ـ تاق“ قلب اوچیلیسی میخقه قاراب تەگدی . شرکت ایگیسی بوبالانلڭ برنجی کو نی کیلب امتحاندن اوتەلمەی کتکه نلکینی بلب عجب لانب : „سەن اولوشکون امتحاندن اوتەلمەی

يگلب كتكەن ايمەسميدڭ ؟ بوگون نيمە اوچون بو
نداق دوروست قاريغە آلاليدڭ؟“ دەب سوِريدى.
بو بالاحرمت بلەن : „اولوشكون يگلدم اوبو
لساميڭ اويات ناموسوم بولوب سانيلدو . شو نڭ
اوچون مەن بارب تام اوستيگە برميخنى قاقب بردانەيا
غاچنى آلب برقانچەقتيم اوروب تجريبەقلغان ايدم حا-
ضر تصادفى موفقيت قازاندم“ دەب جواب بردى .
شركت باشلقى بوسوزنى آڭلاب : „آنداغ
بولسا ياخشى بولودو . سزدەك قينچيلقدن قورقما
يديغان بالا بزنڭ تيليگيمزگە نهايتى أب كيليدو .
حاضر سز امتحاندن اوتديڭز ايرتەدن باشلاب
دوكانغە كرب خدمت قليڭز“ ديدى .

# تاپشورۇق (5)

توبندیکی سواللرگه جواب برەلەمسز ؟

1 ـ یاغاچ اویما ، تاش باسما ، میخ مطبعەلرنىڭ قایسی أڭ یاخشی ؟

2 ـ شوتلاندیه پادشاەسی دوشمەنینی قانداغ یەڭدی ؟

3 ـ قینچیلقدن قورقما یدیغان بالاقانداغ قلب تاختا وستیدیکی میخنی اوراليدی ؟

توبندیکی سوزلرگه یقین معنادیکی سوزلرنی تاپیپ چیکیت قویولغان بوش اورونلرگه یازیڭلا :

لوخلاماق ـ ـ ـ ـ ـ قایناقسو ـ ـ ـ ـ ـ

یوقماق ـ ـ ـ ـ ـ ـ روخصت قلماق ـ ـ

دقت ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ آسان ـ ـ ـ ـ ـ ـ

| | |
|---|---|
| دەستلەب ----- | دوشمەن ---- |
| موفقیت ----- | جواب ----- |
| کرمەك ------- | اورماق ----- |
| سوغاق ------ | ایسیق ----- |

سز ساباقداشلریگزگە بر پارچە مکتوب یازیك اومکتوب تونبدیکی برنچە اشنی اوز اچیگە آلسون.

(1) کیسەل بولوب قالیشیگزنك سببی.

(2) معلملریگزدن روخصت سوروغانك اوتمش احوالی

(3) کیسەلیگز نك احوالی وە دوقتورگە کیسەل کورسەتگەنیگز نك اوتمش احوالی.

(4) مکتبدیکی ساباقداشلریگز دن مکتبدیکی احواللر دن معلو مات برشنی سوریغان مضموندا.

# سون جوڭ-سەن افندینڭ حیاتی وە باشیدن کیچیرگەن اشلری

سون جوڭ سەن افندی بولسا جوڭخا جمهوریتینڭ آتاسی وە جوڭگو-گومینداڭ فرقەسینڭ باش رهبریدورە سون جوڭ سەن افندینڭ عائلەسی گواڭدوڭ اولکوسینڭ جوڭسەن ناحیەسیدە بولوب اوزی جوڭخا-جمهوریتیدن قرق آلتە یل بورون یعنی میلادییە نڭ بر مڭ سکز یوز آلتمیش آلتنجی یلی دونیاغە کەلگەن. جوڭخا جمهو ریتینڭ اون تورتنجی یلی (میلادییە نڭ برمڭ توقوزیوز یگرمەبشنجی یلی) وفات بولغان سون جوڭ سەن افندی اوز ینڭ یاش واقتیدا جوڭگونڭ سیاسی اشلری مانجو خانلقینڭ قول آستیداکون ساناب چریکلەشکەنلیکینی خلق

تورموشینیڭ ناچارلاشقانلقینی وه اجنبیلار تأثیرینیڭ
جوڭگوغه تجاوز یاساب کرگه نلکیدن شول زماندا
جوڭگو بر نچه قتیم سوقوشدا یڭلگه نلکینی وه نور-
-غونلیغان تهڭ حقوقسز شرط نامه لرنیڭ توزولگه نلکی
دن دولتنیڭ منقرض بولوشی کوز آلدیغا یتیب کهلگه
نلکینی کوروب قوزغولوشقه بهل باغلاب انقلابقه رهبر
لك قلب خلقنی وه دولتنی نجات قلماق نیتی ایله ن
مانجو حکومتینی آغدوروب تاشلاب اورنیغه جوڭخا
جمهوریتینی قوردی وه قالدوق میلیتارستلرنی تازیلاب
یوقاتتی، عموماً خلق انقلابی اوچون قرق یل کوره-
-ش قلدی . اوزینیڭ وفات بولوش واقتیدا قالدورغان
وصیتی بولسا : „ اتفاقاق ایله ن چالیشب جوڭگونی

قوتقوزوكلا‘‘ ديگەن سوزدن عبارتدور . سون جوڭ
سەن افنديڭ آذەمگەرچيلگى بك اعلا ، بلمى
بك ترەن اوزينڭ يازغان اثريدن سەن - مين - جو
يى ديگەن كتاب خلقلر طرفيدن دولتنى نجات قليد
يغان مسلەك دەب تونولدى . سون جوڭ سەن افندى
مملكتيمز ديكى هر بر ملتنڭ بردەك برابربو لوشينى
خلقلر نڭ دولتنى ايگە ليشيشنى وە هـمـه خلقنڭ
تولوق اوزوق ، تولوق كييم كيچەك وە ياتاقلر ايلەن
تـأمين قلنشينى تەشەببوس قليدو . بـومقصدينڭ همه
سى اگر بردن بردن تولوق عملگە قويولسا جو
ڭگوكوچاوك وە خوشال خرام برمملكتگە آيلانب
جو ڭخاملتلرى جوقوم حرلك بختلك برملت بوليدو .

# جاڭ جوشى جنابلرينڭ
# ياش واقتيديكى حكايەسى

جاڭ جوشى نلڭ ياش واقتيدن تارتب تورموش
عادتى مفكورەسى وە اشكە كوزقاريشى عمومى
بالالر دن فرق قلارايدى . اوزى اويون واقيتلريدە
يلك چيچان ايدى ، درسنڭ تاپشوروقلرينى اشلەش
واقيتلريدە خوددى باشقا نرسە قولاقيغە كرميگەن ،
كوزيگە كورونميگەنگە اوخشاش بتون كوڭلينى
درسگە برەرايدى . حتى سرتدا كشيلرپاراڭ سالغان
بولسمو خوددى هيچ اش بولمغاندەك اوزى خاطر-
جمعلك ايلەن اوزاشينى قلارايدى . معلملر بونى كورگە
ندن صوڭ جاڭ جوشيگە آرتوقچەدقت قلارايدى .

جاڭ جوشی اون بر یاش واقتیدا آمریکا تاریخی
دیگەن درس برگوچی معلم درسدە ,,رئس جمهور
بولسا دولت خلقینڭ خدمتچیسی ، یوروش تورو
شدە فقرا لرگە اوخشایدو. اوزیگە محافظتچی أرگە
شتورمەیدو.“ دەب سوزلەب اوتگەن ایدی .
بـوسوز نی آڭلا غاندن کین ساباقداشلری حیران
قالب درسدن کین اولرمذا کیرەقلب کتشتی . لیکن
جاڭ جوشی نهایتی بو شغینە تاوش ایلەن : ,,رئس
جمهور بولسمو آدەم ، فقرا بولسمو آدەم اصلیدە فقرا
لرگە اوخشاش بولوشی کیرەك ! بونگغە عجب
لانشنڭ نیمەحاجتی بار؟ “ دیدی . کونلر نلڭ
برسیدە بازارغا اوت کتگەن ایدی ، اوت تازا

كويدى ، اوتلرنڭ يالقونى جاڭ جوشى نڭ عائله سى
طرفيدن آچلغان دوكان نڭ يانيغايتب كيلەى دەب
توراتتى ، جاڭ جوشى درحال يگى وە كوناحسابات
دەفتەرلرينى كوتوزوب دوكانڭ سرتيغه آلب
چقدى . دوكاندىكى شو يكلرى جاڭ جوشينڭ
دوكانديكى قيمتلك مال ملكلرنى توشوميغانلقينى
كوروب اوغورلقچه مسخره قلب كولوشدى .
ليكن جاڭ جوشى نهايتى صبرلك ايلەن :
„مينگچه هرقانداغ اشنڭ آساسى بولوشى كيرەك
حساب دەفتەرلرى بولسا دوكانڭ تجارت آساسى
آلتون فول ماللردن مهم بوليدو . شونڭ اوچون دە
ستلەب اولرنى اوتدن ساقلاش كيرەك“ ديدى .

# دونیادیکی أڭ ایگزتاش یول

چیڭخەی ــ تیبەت تاش یولی بۆلسامملیکتیمز نڭ غربی قسمیدیکی مهم قاتناش یولی بولوب ساناليدو • بویول نڭ „شینیڭ“دن „یوشو“ آرقالق „کاڭ دیڭ“ غەبارا دورغان بر بولومی یاسیلب بولدی هەم اوتومابیللرما کیشگە باشلایدی . اویولنڭ اوزونلقی سکزیوز اوتوز یتەکیلومیتر کیلیدو • یاڭ زیجاڭ وە خواڭخەدریالرینڭ سو آیریمیسی بولغان بەییەنخالا تاغینی کیسب اوتودو •

یرنڭ ایگزلگی دیڭزیوز یدن تورت مڭ توقوزیوز آلتمش میتر ایگز کیلیدو، دونیا بوینچە آلغاندا تاش

يوللرنڭ ايگز لگی بونڭ آلديغه چقالمايدو . بويول
نڭ كيسب اوتودوغان يرلرينڭ ايگز پەسلگی بر ـ
بريگه اوخشمايديغان تاغلری وه اورمانلقلری عجايب
گوزەل منظرەلرنی كورسيتيدو . بويولنڭ كيسب او



تودوغان يرلرينى كوز فصليدن كينكى واقيتلرده موزوه قارلر پوركەب آلغانلقدن او-واقيتده بويرده ياشايدىغان آدەملر نهايتى آزبولودو • يول ياساش واقيتلريده اشليگوچى خـدمتچيلر نى خاطرەمز گه كەلتورسەك اولرنلڭ قانداق جفامشقتلر چيكب زور قورولوش اشلرينى ميدانغه كەلتورگه نلكينى تقدير لەشيمز توغرى كيليدو• كەلگو سيده بويول ينه غربى طرفگه سوزولوب لخاصه „شهريگەيتب باريدو • او-واقيتدا چيگخەى بلەن تيبەت آرا سيديكى قاتناشيش اشلرى اوڭايلشبلا قالماسدن بەلكى دولت مدافعه اشلريگەمو زورفائيده يەتكوزيدو •

# مانغوللر نك آت مسابقه‌سی

مانغوللر چارواچیلق تورمو شی کیچیریدو. اولرده

ایر وه آیاللر آیریماسی بولمایدو ، همه‌سی آت

مینشگه اوستا کیلیدو . غربی شیمال یرلریمزده هریلی

آت مسابقه سی بولودو. مسابقه غه قاتناشقو چی کشیلر

ساغلام بدنلك ایر وه آیال یاشلری بولوب سانالیدو.

اولر اوز لرینك یاخشی آتلریگه مینب مسابقه اورو-

نلریگه اوچقانده‌ك بارب چادر لرینی بیکتب اوچاقلر-

-یگه اوت یاقب خوشال روشته تماشاقلیشیدو. مسابقه

ده آتلربارب توختایدوغان یرده آت مسابقه سیگه

نظر سالساق آتلر يراقدن دولقون اوروب كيليوا
تقان درياديكى سەل سوييگە اوخشاش قتار - قتار
يوگوروب كيليوا تقانلقى هەم آتنىڭ تووا‌قلرى
يەتگەن جايلر دن قومورولوب چقان قوملر آسمانىد
يكى قاراتومانلر كبى توب - توب قومورولوشوب
چققانلقى كوز گە كورونودو .

مسابقەچيلر بارا - بارا يقينلا شقان چاغدا آت هەم
آدەملر آستا - آستاچوڭ بولوب كورونودو . آت
تووا قينىڭ وە قوڭغراقلر نىڭ اوازيمو چوڭ تاوشلر

بلەن آگلانادو . مسابقە نلگ آخرقی نقطەسیگە
یەتکەندە بالدور آلدیغە چقب کتکەن آتلر تصادفی
روشدە آرقیدا قالب آرقیدا قالغان آتلر تصادفی
روشتە آلدیغەچقب کتب احوال نهایتی جدیلاشیشگە
باشلایدو . بوواقیتدافقط خلقلر نلگ شاو شو قلیشب
واقیریغان آواز ینگ چقتانلقی قولاققە آگلانیدو .
بردانەکشنەب یورگەن آتنگ غایت غیرەتی بلەن
همە آتلرنلگ آلدیغەچقب کتب برنچیلکنی آلغانلقی
کوزگە کورونودو .

# خریطه سزیش

قادیر نلڭ آکاسی خریطه سزماق بولوب اولتور غاندا، قادیر آکاسینڭ یـانیدا اولتوروب خریطه سزماققه نظر سالدی . خریطه بردەمدیلا سزیلب بولدی . کین قادیر نلڭ آکاسی یڹەخریطەنی خیلمو خیل رڱلر ایلەن بو یاشقا باشلیدی. قادیر نلڭ آکاسی کولومسیراب قادیردن: „سەن بلەمسەن مانوخریطه قانداق خریطه؟“ دەب سوریدی . قادیر: „مەن الله قاچان بامب بولغان! بوخریطه بولسا مملیکیمز جوڱگو نلڭ خریطەسی، براق مەن نیمه اوچون بوخریطه نی بویاقلر ایلەن بویایدیغانلقنی بلمەیمەن“ دیدی. آکاسی خریطەگه ایشارت قلب: „بو رڱگی اوخشیمیغان




مملیکتیمز نیڭ یر توزولوشی

بویاقلر ایلەن بو یالغان جایلر یریمزنك ایگز - پەس
توزولوشینی افادە لایدو. قاریغینا! مانوشرقی شیمالی
طرفدیکی دیگز قـرغاقلرینك کوپـونچەسی یاب
ییشل بـویالغان ، دیمەك بوییشل رك یرلرنك پەس
قسمینی کورسو تودو.

غربی شیمالنك کوب قسمی سارغ بویالغان، دیمەك
سارغ رك یرنك ایگز ایکە نلکینی افادەلایدو. غربی
قسمنك یـر لـری قـزیـل قتش سارغ رگـلر
ایلەن بویالغان ، دیمەك بو یرنك بك ایگز ایکە
نلکینی کورسوتودو . منابوخریطەنی کورگەندن
صوك مملیکتیمز جوگگو نك یر توزولوشی قانداق بر
احوالدا ایکەنلکی معلوم بولودو" دیدی •

# تاپشوروق (6)

(1)توبنديكى سواللرگه جواب يازيپ چقيگلا:

1 ـ دولت آتامز بويل نچه ياشقا كردى ؟

2 ـ دولت آتامز نلڭ قبريسى نهگه اور ناشقان؟

3 ـ وصيت دهب نيمه گه أيتيليدو ؟

4 ـ ماڭيدوغان يوللر اچيده قانداغ يوللر بلك ياخشى ؟ وهقانداغ يوللربلڭ ناچار ؟

5 ـ مانغول خلقى قانداغ يرلرگه بولونگهن ؟

6 ـ مملكتيمز جوڭگو يرشارينڭ قاٴيسى قسميگه اورناشقان ؟

(2) توبنديكى اوچ خيل اشنى اشلهب كيليگلا:

1 ـ سون جوگسەن افندینك تـرجمەحـالی وە باشیدن کیچیرگەن اشلرینی یادلاب آلیگلا وە اونی میەلریگز دەچیك تو-توپ آلیگلا .

2 ـ جاك جوشی نلك یاش واقتیدیکی حکایەسینی عائلەگلردیکی کشیلرگە سوزلەب بریگلا.

3 ـ مملیکتیمز نلك یرتوزولشینی افادە لاید یغان خریطەدن برنسخە خریطە سزب چقیگلا .

(3) توبندیکی جملەلرگە تقلیدقلب بر نچەجملە توزوب چقیگلا .

1 ـ مملیکتیمز جوگگو چوقوم کوچلوك ، بای ، خو-شال خرام برمملیکت بولیدو .

(1) ..........................

(2) ..........................

(3) ..........................

(4) ..........................

2 ـ درس جمهوریت‌ولسا بتون مملکت خلقینک

خدمتچیسیدور .

(1) ..........................

(2) ..........................

(3) ..........................

(4) ..........................

3ـ چكسز كتگەن ايگز، پەس، تاغلر وە اۆرمانلقلر.

(1) ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ

(2) ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ

(3) ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ

(4) ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ

4ـ كوچلوك وە ساغلام بدنلك اوغول قزياشلر.

(1) ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ

(2) ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ

(3) ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ

(4) ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ

NATIONAL CENTRAL LIBRARY ROC

# غربی شیمال
# نڭ تموریول سیستیماسی

دولت آتامز یازغان ,,دولت قوروش لائحه-
سی" نڭ غربی شیمال تمور یول قوروليشی
حقیدیکی پلانیدا شنجاڭ نڭ نقلیات اشلری توغر-
ولق نهایتی یاخشی کورسهتمهلر برگهن.

غربی شیمال تموریول سیستیماسیدا شنجاڭغه
قور ماقچی بولغان تموریول تورت دن عبارتدور.

برنجیسی بولسا: تساخار اولکوسینڭ ,,دولون"

شهریــدن اوّل غربی شیمالغا سوزوب آندن شیمالغا
قاراب قوملقنی بویلاب شنجاڭنك مرگز شهری
اورومچیگه یەتكوزوب بارش .

ایكنجیسی بولسا: اورومچیدن بـیـواسیطه غـربـی
شیمال طرفگه سوزوب غولجاگه یەتكوزوب بارش .

اوچنجیسی بـولسا : اورومچیدن شرقی جنوبی
طرفگه سوزوب كاشغر آرقالق خوتنگه یەتكو-
زوب بارش .

تورتنجیسی بولسا: „دولون“ آرقالق اورومچیگه
یتپ باریدیغان آساسی تمور یولدن بر تارماق یول

آچب مانغولييه نلڭ كويلون شهرى آرقالق چاكتو

شهرى بلەن سويت اتفاقينلڭ چيگار اسيگه يەتكو-

زوب بارش .

بو - تورت تمور يول ياسيلب بولغاندن كين سرتقى

ياقدن شنجاڭ بلەن سويتنلڭ توركيیەدن سيبرييه گه

بارادوغان تمور يولى آرقالق آوروپاغه بارغيلى

بولودو . اچكى ياقدن شنجاڭ لوكخەى تموريولى

(گەنسودن خەيجوگه) بلەن اوليشيدو . نقليات اشلرى

تـرقى تاپقان احوال آستيدا شنجاڭ طبيعى آبـاد

بولودو .

# قماربازنىڭ عاقبتى

قربان‌نور بولسا ياش بربالا ايدى . او ـ اسكى بوزوق بالالر ايله‌ن آغينه بولشدى . اوبالالر قربان نورنى‌دائيما قمار اوينا شقاجاب قلارايدى . اوزون واقيت اوتمه‌سدن اوزى قمار اويناشقا عادتلانب قمارباز بولوب قالدى .

او ـ قمار اويناغانلقدن دائيما اشدن كيچيكيپ قاليديغان بولدى . هه‌مده به‌لكوليگه‌ن واقيت اچيده قليديغان اشلرينى بجره‌لمه يدوغان بولدى . به‌لگوليگدن اشلرنى آرقيغا سوروش ايله‌ن فقط اشليمه‌يدوغان

بولدی . دوکاننىڭ خوجەيينى قربان‌نورغا نصیحت قلغان بولسەمو امّا قربان نورنصیحت آڭلیمیغانلقدن خوجەیین اونى خذمتدن بوشوتوب آتدی .

قربان‌نور اوزینىڭ همە فوللرینی قماراويناب اوتتور وه تگەندن کین اوزینىڭ یرزمین اوی مکانه لرینی ساتشقا باشلیدی ، اوندن صوڭ ینه اوزینىڭ کییم کیچەکلرینی ساتشقا باشلیدی . آخری اوزینىڭ خاتونی قاچیپ کتدی ، بالاسی آچ قالب وفات بولدی ، اوزی هەم ییشگە آش ، اولتوروشقە اوی تاپالماسدن بازار لر ده تیلەمچی بولوب قالدی .

دوستلری ، اوروغ توققانلری اونی کورگەندن صوك کوزیگەایلماس بولدی .

اونڭ قماربازلق میجەزی تیخی یوقالمیدی . قولیدا فولی بولمیغان چاغدا بارب کشیلر نڭ نرسەلرینی اوغورلایدو . اوغورلق قلغان واقیتدا برنچەقتیم تو ـ تولوب قالب ساقچی ایداره سینڭ تورماسیدا یاتدی وه اغر اشلرنی قلدی .

یـرلك خلقلر نڭ همەسی قربان‌نورنی مثالغا آلب اوزلرینڭ بالالریگه : „قاراڭلا منا بو ـ بولسا قمارباز نڭ عاقبتی“ دەب عبرت آلدورودیغان بولدی.

# اوغلاق

رمضان عیدی دن کین قربان عیدی یتب کەلدی . قربان عیدی نڭ باش کونلریدە قازاق قرنداشلریمز عیدنی بایرام قلیش اویونیدا اوغلاق ایلشدی .

قازاق قرنداشلریمز بولسا باشقاملت قرنداشلریمز گەقاریغاندا آت مینشگە بك اوستا . اولرنڭ کو-پچیلگی مال آسراش بلەن تورموش کیچیریدو . اولرگە آت مینب تاغ بیابانلر دە چاپیپ یورمەك خوددی توز یوللر دە یورگەن کبی سەزیلیدو .

اوغلاق آلش باشلانغاندا دە ستلەب برياش یگیت کیلب بر اولوك قوینی میدانغا تاشلایدو . نورغون باتر یگیتلر آت بلەن اوچقاندەك یوگوروب کیلب



هیلیقی قوینی آلشکه باشلایدو. اولر نڭ اچیده برسی آلدیغاچقب کتب قوینی قولیغا آلب آتنڭ موره سیگه آرتب ینه چاپشگه باشلایدو ، قالغان آتلق یگیتلرمو قوینی قولغا آلماق مقصدی بلەن اونگغه ارگه شیب چاپیپ کیلاب یانیدیکی خنجرلری بلەن قوینـنـڭ بـدنینی کیسب آتنی او - برتار تیدو ، بو- برتارتیدو ، احوال نهایتی قزغین بولوب کتیدو ؛ اولر برطرفدن آت چاپیشیدو ، ینه برطرفدن قوینی قولیغا

آلشیدو ، تا ــ قو ینك گوشتلری اوستیخانلر یدن آیریلب قانلری آقب گوشتلری پارچیلا نغانغه قدر اولرمسابقه قلیشب آخری پارچیلا نغان گوشتنی بر پارچەدن الشیب قاپتیدو .

اوغلاق آلش پولسابر تورلی بدن تربیه مسابقەسی بولوب ، بومسابقه دوام قلب تورغان مزگیلده میدانلنك اطرافینی قورشاب تماشاقلغوچی آدەملر كوب بو- لودو . بو آدەملر مسابقه چیلرگه اونلوك تاوشلری بلەن یاردەم یەتكو زودو . مسابقه نك آخریداقوی گوشتلریكه ایگه بولغان كشیلر خوشال بولوشیدو . خوددی مكافات بایراقی آلغان كبی اولرنك اوروغ توقفانلری وه دوست آغینەلری مو خوشال بولوشیدو .

# جانلق ماللرنی آسراشنك اوصولی

قوی بلەن کالا بولسا انسان بالاسینك آسرا یدیغان حیوانلری بولوب ساناليدو. بهار، یاز، کوز اوچ فصلدە یایلاقلر دە یایلاشقەممکن. قش واقتیدیکی قارلر توشوب اوت چوپلر قوروب کتگەن چاغدا چوپلرنی یغیپ قشلق مال آسراش اوصولی بلەن آسراشقە ممکن.

اوکوز وە سیگرنی آسراشدا اوت چوپ برگەندن باشقاینە بوغاز برسە؛ قوینی آسراشدا هەم چوپلردن باشقا ینەتورلی کوك تاتارنلك یالدیزی وە یاپورماقارینی برسە؛ شو نلك بلەن ینە اوبدان سولربلەن سوغارسا آسانلق ایلەن اوسوب چوك بولوب سیمیریدو.

قوی وه کالالر نىڭ قوتانلری ایگز وه کەڭری بولوش لازم! اولرنىڭ تیزەك وه سودوکلرینی دائیما تازیلاب توروش کیرەك! قوتانلر شامال ، یامغور ، وه موزقارلردن ساقلنشگه موافق بولوش کیرەك !



بونداغ قوتانده یاشیغان اوی حیوانـلـری ، اوبـدان اوسوب ساغلام وه سیمیز بولالایدو .

قوینك یوڭلرینی قرقیش واقتی آپریل وه مای آیلریده بولوش کیرەك. یوڭلرنی قرقیشدن اوّل قوینك بدنلرینی پاکیزه یو ـ یوش کیرەك .

قوی وه اوکوز سیگرلرنی باقشدا واباکیسەللری کەلسە برایمەس بەلکی مڭلیغان تومەنلیگەن جانلق حیوانلر اولوش ممکن! اگر بزبوجانلق حیوانلر نڭ آزوق ییمەیدیغانلقینی وەسوایچمە یدیغانلقینی سەزسەك درحال اونی باشقاحیوانلر دن آیرب برچتگە آلب چقب مال دوقتوریغە یاکی باشقا تجریبەلك کشیلرگە کورسو توشیمز کیرەك .

# كولخوز

تورسون اچكى اولكولر ده اوقوب دارالفنوننى توگوتوب يورتيمزگه قايتب كه‌لگه‌ن . او ـ اوزينك اوقوش واقتيدا دهقانچيلق اوقوشينى توگه‌تگه‌نلكدن يورتيمز ده كولخوز تشكيل قليشنى ته‌شه ببوس قلدى .

تورسون اوزينك ته‌شه‌ببوسيدا توزله‌ك يرلرنى يگيدن بولوب ايتز قلماقچى ، ايگز گوزه‌ل يرلرنى اوژمه (جوجمم) اورمانلقى قلماقچى ، توزيرلرنى يائيلو قلماقچى ، تارقاق بولونگه‌ن دهقان عائله‌لرينى اويو- شقان كـولخوزچيلررايونى قلماقچى بولدى . ائيتز اشلريده تورسون مو اوروغ سيپش ، آشلق اوراش ، گه اوخشاش اشلرنى ميخانيكالاشتو رماقچى بولوب ،



اونىڭ اوچون تراكتور ، سو ، اورما ، ماشينالرينى

اشليتىشگە تربيە كورگەن حالدا استعمال قلا ـ لايديغان

وە ريمونت قلا ـ لايديغان بولوش كيرەك ، كولخوز

تشكيل قليش اشلرى باشلانش وا قتيدا حكومت

اوروغ ساتب آلىشى يگى سايمانلر ياسيتيش ،

دهقانلر اوچون یگی یاتاق خانه سالشگه اوخشاش اشلرگه یاردەم قلماقچی بولوب بانکا آرقالق دهقا- نچیلقغا فول قرض بر مەکچی بولدی. کولخوز نلڭ همه اشلری کافیراتیف (هەمکارلق) بلەن باشقورولو دیغان بولدی. مناشونداغ اشلەش نەتیجەسیدە نورغون آدەم قوتی وە ماددی قوت اقتساد قلنغان بولیدو وە بوروندقیغه قاریغاندا کوب فائیده آلا- لایدو.

اشلەب چیقریش قوتینڭ آرتیشی آرقالق کوب فائیدەلر پیدا بولغانلقدن نورغون دهقانلر کو- لخوزغه قاتناشیشغه تکلیف قویدی.

منا بو- بولسا میخانیکالا شقان دهقانچیلقنڭ نەمونه سیدور.

# تاپشوروق (7)

(1) توبنديكى جمله‌لر دوروست مو ؟

1 ـ يـرلك خلقلر نڭ همه‌سى قـربـان نورُنى مثالغه آلب بالالريگه عبرت بريدوغان بولدى .

2 ـ قازاق خلقى بولسا آت مينشگه اوستا .

3 ـ اويغور خلقيڭ كـوپـونچه‌سى چارواچيلق تورموشى كيچيريدو . اولرتاغ اوستيده آتقامينب خوددى توزلدڭ يرده يورگه‌نگه اوخشاش چافيدو .

4 ـ أوغلاق مسابقه‌سى بولسابرتورلى بدن تربيه اوصولى بولوب ساناليدو .

5 ـ قوی وه کالا اوی حیوانلری بولوب سانالیدو.

6 ـ قوی یوگینی آپریل یا کی مای آیلریده قرقش کیره‌ك .

7 ـ توزلەك ایتزلرنی چاروامالار آسرایدوغان یایلاـ قڤا آیلا ندوروش کیره‌ك . توزیرلرده وه چوپالك میدانلر ده آشلق تیریش کیره‌ك .

8 ـ کولخوزدا آدەم کوچی وه مالیه کوچی اقتساد قلنیدو • وه نورغون فائیده لرگه ایگه بولغیلی بولیدو .

(2) توبندیکی سواللرگه جواب برەلەمسزلر ؟

1 ـ پلاندا قوروماقچی بولغان تمور یوللردن شنجاڭدا نچه یول قورولغوسی ؟ وه اویوللرنه‌دن باشلانب نه‌ده توختایدو ؟

2 ـ خوجه‌یین نیمه اوچون قربان نورنی خذمتدن بوشوتوب آتدی .

3 ـ رمضان وه قربان عیدی هریلی قایسی واقیتده بولیدو ؟

4 ـ قـوی وه کالا باقشنڭ اوصولی نیمه لـردن فرق لنیدو ؟

5 ـ دهقانچیلق اشلرینی یاخشیلیساق بزگه قانداغ

فائيدەسى تيگيدو ؟

(3) توبنديكى سوزلر نلڭ قارشى معناسيديكى سوزلرنى تاپيپ چيكت قويولغان اورونلرگه يازيپ قويوڭلا :

| | |
|---|---|
| غربى شيمال ـ ـ ـ | فائيده ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ |
| چيگارا ـ ـ ـ ـ ـ ـ | چرايلق ـ ـ ـ ـ ـ |
| ياشلر ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ | كيچيكتورمەك ـ |
| ساتش ـ ـ ـ ـ ـ ـ | تاراتش ـ ـ ـ ـ ـ |
| كەڭرى ـ ـ ـ ـ ـ ـ | تيتك ـ ـ ـ ـ ـ ـ |
| قالايميقان ـ ـ ـ ـ ـ | ياساش ـ ـ ـ ـ ـ |

# مکتبده تازیلق

مکتبده شنبه کونی چوش واقتی ایلەن تازیلق مسابقەسی اوتکوزمەکچی بولدی .

بتون مکتبیمزدیکی آغینه لریمز نك تازیلق اوچون قلغان خدمتی نهایتی جددی دوام قلدی . اولرنك بعضیلری صنفنی سوپورمەکده ، بعضیلری یر تاختیلرینی یویماقتا ، بعضیلری تام مدشینی تازیلیماقتا ، بعضیلری اورو-ندوق وە پارتالرنی یویماقتا ، بعضیلری هوییلید یکی قارلرنی سوپورمەکده ، بعضیلری دەرەخلرنك یانیدیکی ایرقلرنی تازیلیماقتا . خدمتدن صوك هەمەیلەن ترلەب کتگەن

لكدن بارب قول وه يوزلرينى يو - يوشقا باشلادى .

شوندن كين اولر صنف اچيگه كرب كتابلرينى رتلهب

تورغان بر چاغدا عبدالله : „ أمگدك قلماق زادى

ياخشى اش ايكهن اشدن كين بدنلريمزمو ايسسيدى“

ديدى .

قاسم : „ پاكيزه بولماق نهايتى اوبدان اش

قاراڭلا ! مكتبنى تازيليغاندن كين بتون يرپاكيزه وه

چرايلق بولوب كتتى“ ديدى .

معلم تازيلق تكشوروش جدولينى آلب كيلب

همهيرنى تكشوروب تازيلق نلڭ نهتيجهسيگه راضى

بولوب قايتدى .

# قادل حاکم

بویر اصلیده چتگه اورناشقان کچیك بر ناحیه بولوب یورت اطرافی تاغلر ایله‌ن اورالغانلقدن نقلیات اشلری آرقیدا قالغان، دهقانچیلق محصولاتی نهایتی آز، سناعتی هه‌م ترقی قلمیغان بر یر ایدی. شو سببدن خلق تورموشیمو اغر بر حالدا قالغان ایدی.

موندن بر آز زمان بورون بر قابل حاکم کیلب خلقلرگه رهبرلك قلب اصلاحات اشلریگه تریشقانلق دن اوچ یل اوتمه‌ی بو ناحیه یگی بر توسگه آیلاندی. اصلیده او یر نلك تاغلری یالاڭ غاچ ایدی. هیلیقی حاکمنك کیلیشی ایله‌ن اورمانچیلق اشلر ینی ترقی قلدوروش نه‌تیجه‌سیده ده‌ره‌خلر کیسشنی منع قلغانلقدن حاضر بتون تاغلر یاب ییشل تاللر ایله‌ن قاپلاندی.

تاغ آستيديكى يرلرنڭ كوپنچەسى بوز يرايدى. حاكم كوپچيلك خلقنى قوزغاب بنام آچيش ، اوستەگلر قزيش ، آشلق وه كوك تاتلر تريش ، جانلقماللرنى نسللانلوروش نەتيجەسيده خلقلرنڭ تفاوه تينى كوپەيتتى حاكم ينه خلقلرنڭ أمگەكيدن فائيدەلانب تاش يول ياساتب ناحيەگه يقين شهرلر ايلەن علاقەدار بولوديغان قلدى ، تاش يول ياساشدا كوب راسخودخرا جت قلنميغان بولسمو ليكن يوللر نهايتى ياخشى ياسالدى .

حاكم ينه نورغون مكتب آچقوزدى . بو مكتبده كوندوزى ياش اوسمور بالالر اوقويدو . آخشيمى ساوادسز خلقلر اوقويدو . بونداغ ياخشى حاكم خلق اوچون خذمت قليديغان بولغانلقدن البەتته خلقلر نڭ حمايه قليشى طبيعيدور .

# هوادا اوچوش

مەن آیروپلانغا چوشوب هوا بوشلغیدا اوچقان ایدم. آیروپلان بارغانسیری یوقاریغا اوچوب چقتی. یر یوزیدیکی آدەملر آستا - آستا کچیك لاشیشگە باشلادی. اویلر توخی کاتەکلریغە، کفترلر نلڭ اوگاسیغا اوخشاش کوروندی. آدەملر پورچاقلرگە وە چومیلەلرگە اوخشاش کورونوب آخری کوزگەکورو نمیدی.

توساتدن کین آیروپلان بولوتلرنلڭ قاتیغاکرب کتتی. آیروپلانلڭ پەنجیرە لریدن یر یوزیگە قاریغاندا،

همه نرسه آپپاق بولوب کورونب قایسی تاغ ؟ قا-
یسی سو ؟ وه قایسی شهر ؟ قایسی ییزی ایکه‌نلکینی
فرق أتکیلی بولمیدی . ینه‌تو ساتدن صوڭ آیروپلان
بولوت قاتلریدن چققان ایدی ، بو چاغدا تاغلر فقط
بر غینه نقطه ، دریالر فقط بر غینه‌سزیق اورمانلقلر
فقط برغینه چوپلوك ، ییزیغه ییلغان ایتزلر فقط شخمت
ته‌خسه‌لریگه اوخشاش کورونڈی . عموماً یریوزینڭ
منظره‌لری آیاغ آستیمز ده بولوب قالدی .
چکسز کتگه‌ن بیا بانلرنڭ اوستیگه اوچوب با-
رغاندا آستامزده اورمانلقلر وه اویلر کورونمه‌ی فقط

کاروانلر نلڭ آت اولاغلری هەم توگەلری خوددی بر تەسویرگە وە سارغ کاغذگە سزیلغان چیکتلرگە اوخشاش کوروندی .

ایگز تاغلردن اوچوب اوتکەندە بولوتلر تاغنلڭ نان باغریلریدە لەیلەب یورغانلقی نظرمزگە توشتی . بو ـ بولوتلرخوددی بولوتلر دونیاسیدیکی یتم آرالغا اوخشایدو . بعضی تاغلر اوستیدە یوغان کوللربار ایکەن اوکول سولری پارپور قلب أینەککە اوخشاش آدەملر نلڭ کوزینی چاقارایدی .

بونداغ منظرە یریوزدە کورونمەیدو . فقط هوادا اوچقان آدەم اوندن لذتلینیدو .

# تورت فصل نڭ کورونشی

موز وه قارلق قش فصلی اوتوب کتگه‌ندن
کین بهار کونلری یتب کیلیدو .

بهارنڭ ده ستله‌بقی ایلق شامالری یه‌لپولده‌ب
کیلب اوت چوپلر نڭ یکی یا پورماقلرینی اوستورو-
دو . چکسز کتگه‌ن دالالر یاب - ییشل کییملرنی
کیشیدو . بو واقیت اوزون اوتمه‌سدن ینه چیمه‌ن
زارلر بر - بریدن اوزینڭ چرایلقلقینی کورسوتوب
غونچه‌لیغان گوللر آچیلشغه باشلانغان واقیت یتب
کیلیدو . قوشلر شاخلر اوستیگه قوناشیپ سایراشقان
وه کیپیله‌کلر گوللر اوستیده اوچوشیپ تورغان گوزه‌ل
کورونشلر بولودوغان واقیت بهار ده‌ب آتالیدو .



اقلیم بارغانسیری ایسیشغه باشلایدو . دەرەخلر گوللر
بارا- بارا یاش نوتەلریدن گوزەل چیمەن زارلقغه
آیلانیدو . یاز فصلیده گرچه نورغون کشیلر یەلپو گوچ
بلەن شامالدانب سالقین لانشگه باشلاغان بولسمو ،
لیکن کوپچولوك کشیلر تر آقب تورغان ایسیقلق
اچیده أمگەك قلیدو .

بر لحظەدن صوك کون سالقین لانشقا باشلاب
کوزنك شامالری پیدا بولودو . کون سووشقا باشلا-
یدو . یاش نوتەدن گوزەل چیمەن زارغه آیلانغان
گوللر سولوشیشگه باشلایدو . فقط سارغ وه آق
بولغان تورلی رڭلك جوخوا گولی اوزینك یاپراقلری
بلەن برگه آخرقی کوزفصلینك منظرەلرینی زینەتلەب

توریدو .

کوز فصلیدن صوڭ ینەقش فصلی یتب کیلیدو . قش کونلری شیویرغانلر قاتتق سوغاقلقلر ایلەن برگە غاز فەیلری کبی آپپاق قارلرنی لەپلدە تیب توشورودو . سولر هەم أینەك کبی سوزوك موزلرگە آیلانیدو . بو چاغدا آدەملر اویلرگە کرب آلب دالاغە آزچقیدو . فقط یاپراقسز قالغان دەرەخلر آق کییمنی کینب پارپور قلب گولغە اوخشاش دالانڭ قشلق منظرەلرینی زینە تلەب توریدو . یرشاری توختاماسدن آیلانب یورویدو . اقلیم هەم آیلانغان تقلیدده اوزگورودو .

قش کەلسە بهارمو یقین لاشیدو .

# عجايب سيا حتچي

عجايب بر سيا حتچي بارايدى . او ـ آيروپلان هەم
پويزگه اولتورماسى ايدى . پارا خودغه موچوشمەدس
ايدى . آتقيمو مينمەس ايدى . كوئينلون تاغينك
آستيدن سفر قليشغه باشلاب شرقى شيمال توققوز
اولكومزگه بارب. آمور درياسى (خيلوڭ جاڭ) دن
اوتوب حينگان تاغينى كيسب اوتەر ايدى .

غربگه قاراب ماڭيپ رەخە ، تساخار اولكولرى
آرقالق سوييوەن وە نيگشا اولكولريگه بارب آندن
گەنسو اولكوسيگە كرەرايدى . اوندن صوڭ شەنشى،
سەنشى ، خەبەى وە سەندوڭ اولكولرى آرقالق
جنوبى طرفگه قاراب جاڭ سو ، جەجياڭ وە فوجن
اولكولرى بلەن ينە جاڭ شى ، أنخوى آرقالق


هندستان
تيبەت
برما

خەنەنگە بارار ايدى . مناشو ، يولى بيلەن حوبەى ،
خونەن اولكولريدن اوتوب گواڭدوڭ غەبارار ايدى .
بويردن يندىكز آرقالق فورموزا وە خەينەن آراليگە
بارار ايدى . كين ينە گواڭشى هەم يوننەنگە كرب
سياحت قلب سيچوەندن اوتوب شيكاڭ آرقالق
چيڭخەى وە تيبەتدن اوتوب شنجاڭغە قايتب ينە
كوئينلون تاغى آستيگە بارار ايدى .



بو عجایب سیاحتچی بتون جوڭگونی سیاحت
قاب بولوب ینەدونیانی سیاحت قایشگه قدم باشـ
لاب اولوغ اوکیانغا کرب اوکیانییه دیکی مملیکتلردن
اوتوب جنوبی وه شیمالی آمریکانی آیلاندی .
شوندن صوڭ شرققه قاراب آتلانتیك اوکیان آرقاـ
لق آوروپاغه بارش یولیدا اورتا دیڭزدن اوتوب
آفریکاغه باردی . ینه شرقی جنوبقا قاراب جنوبی
قطبدن اوتوب آوسترالییه گه باردی ، شوندن صوڭ
ینه آسیاغه قایتب کەلدی .

سز تیخی بر پیاله چاینی ایچب بولمای تورار
ایدیڭز بتون دونیانی آیلانب اوتدی .

بونیمەدیگەن چاپسان سیاحت دیسیڭز-اوزی قول
بارماقی ایادەن خریطەنی ایشارەت قاب یورگەن ایکەن.

# تاپشوروق (8)

( I ) توبنديكى سوزلرگەقاراب معناسى بر ـ بريگە يقين كيليديغان سوزلرنى تاپيپ چيكت قويولغان اور ـ ـونلرگەديازيپ قويوڭلا :

مثلاً : جددى          كسكين

مەش ---------

أيتماق ---------

رتلك ---------

ايلق ---------

أمگەك ---------

اشلمەك ---------

رهبرلك قلماق ---------

NATIONAL CENTRAL LIBRARY R.O.C. 國家圖書館

ياساماق --------

پوت --------

سوغارماق --------

( 2 ) يوقاريديكى درسلر ده اوقوب اوتگەن اسملر نى يازيپ چقيڭلا :

شخصيلر اسمى :

اولكولر اسمى :

تاغلر اسمى :

قطعەلر اسمى :

ديڭز اوكيانلر اسمى :

باشقااسملر :

( 3 ) توبنديكى سواللرغەجواب برەلەمسزلر ؟

1 ـ سزلر مكتبده هر هفتەدە تازياق اوتكوزەمسزلر؟

2 ـ سز تورغان ناحيەديكى حاكم خلق منفعتى اوچون خدمت قلامدو ؟

3 ـ بهار ، ياز ، كوز ، قش فصللرى قايسى واقيت ايلەن باشلانيدو ؟

4 ـ مملكتيمز جوڭگو قانچە اولكوگەبولونودو؟ او- اولكولرنڭ اسمينى يازيپ چقالا مسزلر ؟

5 ـ يرشارى قانچە قطعە گە وە قا نچە او كيانغە ـ بولونودو ؟

(4) تعطيل واقتيدن فائيدەلانب توبنديكى بش تورلى خدمتنى اشلەب كيليڭلا .

1 ـ شبو كتابده سزلرگه ياخشى سه‌زيلگه‌ن درسلرنى

برنچه‌قتيم اوقوب چقيڭلا .

2 ـ بو كتابدن باشقااوزه‌ڭلاگه فائيده‌لق برنچه

كتاب تاپيپ اوّقوب چقيڭلا .

3 ـ شبو كتابده سزلرگه اوبدان كورونگه‌ن جمله‌لرنى

ده‌فته‌راوستيگه‌يازيپ آليڭلا .

4 ـ شبو كتابده اوقوب يادلاش اوچون اوڭاى بولغان

وه‌قين سه‌زلگه‌ن سوزلرنى ده‌فته‌ر اوستيگه يازيپ

آليڭلا .

5 ـ شبو كتابدا يازيلغان تاپشورو قلرنڭ همه‌سينى

قايتدن تكرارلاب اوتوڭلا .

# اعتذا

بز بواشنك اهلی بولماساقده ، واقتنك تقاضاسیله قولیكز دیكی شو كتا بنی توزەب چیقدوق ، آلفادەمز اورتااملا قاعدەسیگە آساسلنب توزولگەن بولسومو اویغور لهجەسیدە او O ، او Θ ، او U ، او Y ، تاوشلری بولغا نلقدن بوحرفلرنی «و» حرفینك اچیدەقلب اورناشتوردوق . بوگونگیچە سانی اینق بەلگولەنمیگەن بویات عربی اویغور حرفلری بولوبمو آلفابە وەلغت توزوشدە اوزینك كامچیقینی بكموسە زدوریدو ، شونك اوچون اوقوچیلرمزنك فكر تنقید وە توزوتوشلرینی سورایمز

هیئت تحریریه

中華民國三十六年八月

維文課本第五冊（全十冊）

主編者　國立邊疆文化教育館

編輯委員會主任委員　凌純聲

編輯委員會委員　衛惠林　艾沙　華聲慕　曹樹勛　梁甌第　程滬生　馬雲文　李森　涂樂幹　鄒明誠　哈吉牙合甫　阿不都拉

編輯者　哈吉牙合甫　阿不都拉　梁甌第　李森

繪圖者　蔣志超

發行者　教育部

製版者　南京志宏中西印刷所

# اويغور چه‌اوقوما کتابی

## بشنجی قسم

مرگزی حدود مدنی معارف اداره‌سی طرفیدن توزولدی .

تحریر هیئت مدیری: این ـ چون ـ شلك

تحریر هیئتی نك اویغور گوروپپاسیدیکی اعضالر: وی خوی لین . عیسی آلپتکین . قاسم قربانی . تساوشوشوك . لیپاك اودی . چك خوسك . حاجی یعقوب یوسفی . مایون وین . لی سن . زومك چك . عبدالله تیمه‌ن . تورغان سایرامیلر .

تحریر قلغوچی : حاجی یعقوب یوسفی . عبدا لله تیمه‌ن . لیپاك اودی . لی سن لر .

رسم سزغوچی : جاك ـ زی ـ چاو .

ناشری : معارف وزارتی .

مطبعه‌گه تزغوچی: نانکین ز ـ خوك باسماخاناسی

جونگخا جمهوریتی نك 36 ـ یلی آوغوست نانکین

CENTRAL LIBRARY ROC

國立中央圖書館
0438922

NATIONAL CENTRAL LIBRARY
國家圖書館
ROC

9361
7

籍